چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# كارمېن

مېرىمې [فرانسىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: روشەنگۈل تۇرسۇن

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات

ئىرجان تۇلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: غەيرەت ئابىت

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئوبۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 978-7-80658-914-4

9 787806 589144 >

باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# كارمېن

مېرىمې [فرانسىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر راخمان

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000-يىل 12-ئاي 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

## كارمېن

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بەت ياسالدى
شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
- يىل 5- ئاي 1- نەشرى، 2009- يىل 8-ئاي 2- بېسىلىشى
فورماتى: 787×970 mm 1/32: باسما تاۋىقى: 6
ISBN 978-7-80658-914-4

---

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑：茹鲜古丽·吐尔逊
美术编辑：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流
责任校对：艾比布拉·艾力
海来提·阿比提
审　　定：亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析
卡门（维文）
卡德尔·热合曼 译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新博文印刷有限公司印刷
2006 年 5 月第 1 版　2009 年 8 月第 2 次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：6
ISBN 978-7-80658-914-4

定价：7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991－4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

مېرىمې (1803 — 1870) فرانسىيە يازغۇچىسى. ئۇ پارىژدىكى بىر بۇرژۇئا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بوۋىسى ئادۋوكات، دادىسى ناھايىتى تالانتلىق رەسسام بولۇپ، كېيىن ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئانىسى 18 ـ ئەسىردىكى چۆچەك يازغۇچىسى بومېل خانىمنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئۇمۇ ئۇستا رەسسام ئىدى. مۇشۇنداق ئائىلە شارائىتىدا ئۆسكەن مېرىمېدا كىچىكىدىن باشلاپلا سەنئەت تالانتى يېتىلىشكە باشلاپ، سەنئەتكە كۈچلۈك ئىشتىياق ۋە ھەۋەس قوزغىلىپ، كۈچلۈك كۆزىتىش ئىقتىدارى يېتىلگەن. كىچىكىدىن باشلاپ باياشات ئائىلىدە چوڭ بولغان يالغۇز ئوغۇل مېرىمېغا ئاتا ـ ئانىسى بەك ئامراق ئىدى. ئۇ چېچەن، زىل بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك ئىدى.

1812 ـ يىلى، ئۇ دادىسى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ناپولېئون ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇدى. مەكتەپتە ئۇ ناھايىتى تالانتلىق، ئۆگىنىشتە تىرىشچان، ئەمما، ناھايىتى جاھىل ئوقۇغۇچى ئىدى، رەسىم سىزىشقا

ئۇستا ئىدى، چەت ئەل تىلىغا كۆچلۈك ھەۋەس قىلاتتى. 1819 ـ يىلى، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ قانۇن ئۆگەندى، ئەمما، ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى بۇ ئەمەس ئىدى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش مەزگىلىدە ئۇ ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن تىلشۇناسلىق ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى، پەلسەپىسى ۋە سېھىرگەرلىكى ئۈستىدە كەڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مول بىلىمگە ئىگە بولغاچقا، ئۇ يازغۇچى بولۇشتىن ئىلگىرىلا چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بىر ئالىمغا ئايلاندى. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا ماڭدى. ئۇ دائىم پارىژدىكى داڭلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى توپلىنىدىغان سالونلارغا بېرىپ، ستېندال قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شەخسلەر بىلەن تونۇشتى. ستېندال ئىدىيە جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن، تىرىلگەن سۇلالىگە قارشى قەيسەر جەڭچى ئىدى، ئۇ مۇكەممەل رېئالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىگە ئىگە بولۇپ، مېرىمې ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

1829 ـ يىلى، مېرىمې ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۆزگە

تېخىمۇ مۇۋاپىق بولغان يول تاپتى، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بىر تۈركۈم پوۋېستلارنى يېزىپ چىقتى، بۇلار ئىچىدە ئەڭ داڭلىقلىرى «ماتېئو فالكىنى»، «تامانگو» قاتارلىقلاردۇر. 1830 ـ يىلى، ئىيۇل ئىنقىلابىنىڭ هار-پىسىدا مېرىمې ئىسپانىيىگە ساياهەتكە بېرىپ، كېيىن ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىغا ناهايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن مونتىخو گراف خانىم بىلەن تونۇشۇپ قال-دى، ئىسپانىيە ساياهىتى ئۇنىڭ ئىجادىيەت نەزەرىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ هېكايىلىرىدە ئىسپانىيە ۋەقەلىكلىرى ۋە ئىسپان خاراكتېرى توغرى-سىدىكى تەسۋىرلەر ئورۇن ئالدى.

1830 ـ يىلدىن كېيىن، مېرىمې هۆكۈمەتنىڭ مە-مۇرىي ئورگىنىدا ئەمەلگە ئېرىشىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئارخېئولوگ ۋە تارىخشۇناس بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ فرانسىيىنىڭ قەدىمىي ئاسار ئەتىقىلىرىنى قېزىش، رەتلەش ۋە ساقلاش جەهەتلەردە ناهايىتى چوڭ تۆهپە يا-راتتى. بۇنىڭغا سىلىشتۇرغاندا 1830 ـ يىلدىن كېيىن، مېرىمې ئەدەبىي ئىجادىيەت جەهەتتە ئىلمىي پائالىيەت جەهەتتىكىدەك ئۇنداق ئاكتىپ بولالمىدى. پەقەت هەر 3 ـ 4 يىلدىلا ئاندىن بىرەر رومان ئېلان قىلالىدى. ئەم-ما، ئۇنىڭ ئىدىيە ئالاهىدىلىكى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبىنى

ھەممىدىن بەك ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان داڭلىق ئىككى رومانى «گېرونېبا» (1840) ۋە «كارمېن» (1845) دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئېلان قىلىنىدى.

1853 ـ يىلى، ناپولېئون Ⅲ مېرىمېنى يۇقىرى پالاتا ئەزالىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئوردىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىرى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى، ئويۇن ـ تاماشا، مۇراسىم، زىياپەتلەردە ئۆتۈپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقتى زايا بولۇپ كەتتى ـ دە، ئۇنىڭ ئەدەب ۋە ئالىملىق ھاياتى ئەمەلىيەتتە ئاخىرلاشتى؛ ئاخىرقى ئۆمرىدە، ئۇ دائىم چەت ئەللەرگە ساياھەتكە چىقىپ، راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ياشىدى. 1870 ـ يىلىدىكى پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىدا، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ناپولېئون Ⅲ نىڭ ئوردىسىغا سادىق بولۇپ، قەتئىي ھالدا پارىژدا تۇردى. پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئاندىن جەنۇبتىكى كىچىك شەھەر گاناغا باردى ـ دە، ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ھاياتى 2 ـ ئىمپېرىيىنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن تەڭلا دېگۈدەك ئاخىرلاشتى. بۇ مېرىمېغا نىسبەتەن ئەڭ پاجىئەلىك ئاقىۋەت ئىدى.

مەن ھەمىشە ئاشۇ جۇغراپىيىشۇناسلارنىڭ دىگەنلىرىنىڭ زادى ئاساسىنىڭ بار ياكى يوقلۇقىدىن گۇمانلىنىمەن.

ئۇلار: مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 45 ـ يىلى، كائىبسار بىلەن پومپىيئۇسنىڭ ئىككى ئوغلى قاتتىق سوقۇش قىلغان جاي، يەنى مىنداگۇ جەڭگاھىنىڭ ئورنى بولغان ئىسپانىيىنىڭ قەدىمكى شەھىرى باستۇلى پونى ئۆلكىسىدە، بۇگۈنكى مىندا بازىرى بىلەن چىگرىداش، دىيىشكەنىدى. ئەمما، مېنىڭ ئىسپاتلاپ كۆرۈشۈمچە ئۇنداق ئەمەس ئىكەن.

كائىبسارنىڭ ئىسپانىيىگە يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى «ئىسپانىيىدىكى ئۇرۇش» ناملىق تارىخىي كىتاب ۋە ئىسپانىيە سىياسىئونى ئاۋسۇنا تۆرە ساقلىغان قەدىمكى يۇنان ۋە قەدىمكى رىمغا دائىر كۆپلىگەن قىممەتلىك ماتېرىياللار ماڭا مىنداگۇ جەڭگاھىنىڭ ئورنىنى چوقۇم مېنتىلىيە ئەتراپىدىن ئىزدەش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى.

1830 ـ يىلى باش كۈزدە، مەن ئاندالۇتسىيىگە يېتىپ بارغانىدىم، بۇ يەردە مەن يىراققا ساياھەت قىلىپ، ئۆزۈمدىن بۇيان كاللامنى چىرماپ كېلىۋاتقان بۇ گۇ-

مانىنى يېشىش نىيىتىگە كەلدىم.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشۇ تۆپەيلى مەن بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىۋاتقانلىقىمىنى ھېس قىلماقچىمۇ بولدۇم. مەن ماقالەم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاشۇ ئەمەلىيەتچىل، ئەستايىدىل ئارخېئولوگلارغا قىلچىلىكمۇ زورمۇزور قۇراشتۇرۇلغاندەك تەسىرات بېرىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

ئەمما، مېنىڭ ئىلمىي ماقالەم ئاخىرقى ھېسابتا بۇ جۇغراپىيىلىك سىرنى ئېچىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، سىزگە ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرمەكچىمەن. گەرچە بۇ ھېكايىنىڭ مىنداگۇ جەڭگاھىنىڭ ئورنى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، يەنە كېلىپ سىزنىڭ كېيىنكى پەرەزلىرىڭىزگە ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر ھېكايە.

مەن كوردوۋادا بىر يول باشلىغۇچى ياللىۋالدىم ھەمدە ئىككى ئاتنى ئىجارىگە ئالدىم ـ دە، يىراق دالا سەپىرىنى باشلىۋەتتىم.

مېنىڭ ئېلىۋالغان ھەممە يۈك ـ تاقلىرىم پەقەت كائېسارنىڭ «يىراققا يۈرۈش» ناملىق كىتابى بىلەن بىرنەچچە قۇر كىيىملا ئىدى.

بىر كۈنى، مەن كاساينا تۈزلەڭلىكىدىكى بىر ئېگىز-

لىكتە مۇشەققەت ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرەتتىم، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەن، قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆچلۈك قۇياش نۇرى كۈن بويى ئادەمنى كۆيدۈرۈپ ئازابلايتتى.

ئاچچىقىم كەلدى، كائىسار ۋە پومپېئۇسنىڭ ئوغۇللىرىنى تازا تىللىغۇم كەلدى.

يىراق، بۇ چاغدا مەن تۇيۇقسىز ئۆزۈم كىتمۇاتقان كىچىك يولدىن سەل يىراق جايدا چىم ۋە قومۇشلار ئۆسكەن بىر پارچە يېشىللىقنى كۆردۈم.

دېمەك، بۇ، يېقىن ئەتراپتا سۇ بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

مەن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىم، يېقىن بېرىپ قارىسام بايا مەن كۆرگەن ئۇ يېشىللىق ئەسلىدە سازلىق ئىكەن. قارىغاندا، كابۇلا تېغىدىكى جىلغىدىن كەلگەن كىچىك ئېقىن مۇشۇ جايدا يوقاپ كەتكەندەك قىلاتتى.

مەن: شۇنداق ئىكەن، ئۇنداقتا ئەڭ ياخشىسى ئاشۇ كىچىك ئېقىننى بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىپ باقاي، ئۇ چاغدا تېخىمۇ سۈزۈك بىرەر بۇلاق سۈيى تېپىلىپ قالار، يەنە زۇلۇك ۋە چارپاقىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىنمۇ قۇتۇلالايمەن، ئېھتىمال يەنە سايىداشقا بولىدىغان بىرەر ئۆڭكۈر ئۇچراپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلىدىم.

ئاخىرى جىلغا ئاغزىغا كەلدىم، ئېتىم تۇيۇقسىز

قاتتىق كىشنەپ كەتتى، شۇنداقلا يەنە بىر ئاتنىڭمۇ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمما، مەن يەنە بىر ئاتنىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى كۆرەلمىدىم.

ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردىم، تەخمىنەن 100 قەدەمگە يېقىن ماڭغان چېغىمدا تۇيۇقسىزلا جىلغىدىن بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدىم، ئەتراپ ھەممىسى ئېگىز چوققىلار بولۇپ، بۇ جاي بىر تەبىئىي ئېلىشىش مەيدانى ئىدى.

مەن ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتىم، بۇ جاي ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدىغان ئىنتايىن ياخشى ئارامگاھ ئىدى.

تىك قىيانىڭ ئاستىدىكى بىر جايدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيى يەردىكى بىر كىچىك كۆلچەككە شارقىراپ چۈشۈپ تۇراتتى، كۆلچەك تېگىدىكى ئۇششاق قۇم روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۆلچەك بويىدىكى بىرقانچە تۈپ ياپىيېشىل دۇب دەرىخى بوران ـ چاپقۇن ۋە يامغۇرنىڭ ساۋاشلىرىغا پىسەنت قىلماي، كۆلچەك ئەتراپىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى.

كۆلچەك ئەتراپىدا يەنە ياپىيېشىل بىر پارچە ئوتلاق بولۇپ، بۇ ھەقىقەتەن بىر تەبىئىي كارىۋات ئىدى. بۇنىڭدىكى راھەتنى ئېھتىمال يېقىن ئەتراپتىكى بىرەر سارايدىنمۇ تېپىش تەس بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

دەل مەن ئۆزۈمنىڭ بىر خىلۋەت خىيالىي دۇنيانى تاپقانلىقىمدىن خۇشاللىنىپ تۇرغان چېغىمدا، بىردىنلا بۇ شان ـ شەرەپنىڭ ھەرگىز ماڭا مەنسۇپ بولمايدىغانـلىقىنى تونۇپ يەتتىم. چۈنكى مەن بىر ئەرنىڭ مەندىن بۇرۇن كېلىپ ئۇ يەردە دەم ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. بايا مەن ئوتلاق يېنىغا كەلگەن چېغىمدا ئېھتىمال ئۇ ئوتلاق ئىچىدە ئۇخلاۋاتقان بولسا كېرەك.

ئېتىمنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئۇنى ئويغىتىۋەتكەن بولسا كېرەك، ھازىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتى تەرەپكە قاـراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئېتى بولسا خوجايىنى ئۇخلاۋاتقان پۇرسەتتە ئوتلاقتا قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇۋالغانىدى.

بۇ ئوتتۇرا ياشلىق، ئوتتۇرا بويلۇق بىر ئەر بولۇپ، ئۆزى قاۋۇل، كۆزلىرى سۇرلۇك، تەكەببۇر كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تېرىسى ئەسلىدە ناھايىتى چىرايلىق بولسىمۇ، ئەمما، ھازىر ئاپتاپتا كۆيۈپ چېچىدىنمۇ بەكرەك قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر قولىدا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى، يەنە بىر قولىدا بىر مىلتىقنى تۇتۇپ تۇراتتى.

راست گەپنى قىلسام، مەن ئۇنىڭ قولىدىكى مىلـتىق ۋە سۇرلۇك چىرايىنى كۆرگىنىمدە، ھەقىقەتەن بىرئاز قورقتۇم. ئەمما، ئۆز گېپىمگە كەلسەم، مەن بادىـدىت دېگەندەك كىشىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتىم، چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ھەمىشە باندىت بار دېگەنلىكىنى

ئاڭلىسامىمۇ، ئەمما مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەن نۇرغۇنلىغان ساددا، ياۋاش دېھقانلارنىڭ تولۇق قوراللىنىپ بازارغا بارغانلىقىنى كۆرگەن.

شۇڭا، مەن بۇ چاغدا بىر ناتونۇش ئادەمنىڭ قورال كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ نىيىتى يامان بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مېنىڭ ئاشۇ بىرنەچچە قۇر كۆڭلىكىم ۋە ھېلىقى «يىراقتا يۈرۈش» ناملىق كىتابىمنى بۇلاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ھېچقانچە چوڭ ئىش بولمايتتى، ناۋادا ئۇ بۇنى بۇلاپ كەتسە ئۇنىڭغا زادى نېمە پايدىسى تېگەر؟

شۇڭا، مەن ئالدى بىلەن ئۇ قورال كۆتۈرۈۋالغان ئەرگە سەممىيلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «شېرىن ئۇيقۇڭىزنى بۇزۇۋەتتىممۇ ـ قانداق» دەپ سورىدىم.

ئۇ ئەر جاۋاب بەرمەي، بېشىمدىن ـ پۇتۇمغىچە سەپسېلىپ چىقتى.

ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ مېنى كۆزىتىشىدىن مەمنۇن بولغان بولسا كېرەك، يەنە ئوخشاشلا شۇنداق دىققەت بىلەن يول باشلىغۇچۇمغا سەپسېلىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا يول باشلىغۇچۇم بۇياققا كېلىۋاتاتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى ئەرنى كۆرگەندە دەرھال

قەدىمىنى توختاتتى، چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتتى.

ياماان بولدى! چوقۇم ئەسكى ئادەمگە ئۇچراپ قاپتىمىز، دەپ ئويلىدىم مەن. لېكىن يەنىلا ئېھتىيات قىلىغىنىم تۈزۈك، ھەرگىز قىلچىمۇ خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئەنسىزلىك ھالىتىمنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقىم كېرەك، دەپ ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇردۇم.

مەن ئاتتىن چۈشۈپ، ئات باقارغا ئاتنىڭ ئېگىرىنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇدۇم. ئاندىن مەن كۆلچەك بويىغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بېشىمنى ۋە قولۇمنى مۇزدەك سۇغا چىلىدىم، ئاندىن يەنە سۇ ئىچتىم.

ئەمما، مەن شۇلارنى قىلىۋېتىپ، يول باشلىغۇچۇم ۋە ھېلىقى ناتونۇش ئادەمنى دىققەت بىلەن كۆزىتىشنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقارمىدىم. يول باشلىغۇچۇم يەنىلا بۇياقتا قاراپ كېلىۋاتاتتى، ئەمما، ناھايىتى زورىغا مېڭىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ھېلىقى ئەرنىڭ بىزگە ياماان نىيىتى يوقتەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ يەنە ئېتىنى قويۇۋەتكەن، بايا توغرىسىغا قىلىپ كۆتۈرۈۋالغان مىلتىقىنىڭ ئۇچىنى ئەمدى يەسكە قارىتىپ قويغانىدى.

قارىغاندا، ئەمدى بىرەر ئىش بولمايدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۆزۈمنى چۆپلۈك ئۈستىگە تاشلاپ، پۇت - قولۇمنى سوزۇپ ياتتىم. يەنە بىپەرۋا قىياپەتتە ھېلىقى ناتونۇش

ئەردىن: «چاقمىقىڭىز بارمۇ» دەپ سورىدىم ۋە شۇنداق دېگەچ سىگارت قېپىنى يانچۇقۇمدىن چىقاردىم.

ھېلىقى مىلتىق تۇتۇپ تۇرغان ناتونۇش ئادەم زادىلا ئۈنسىدى، پەقەت يانچۇقىنى بىر هازا ئاختۇرۇپ ئاران دېگەندە بىر چاقماقنى ئېلىپ، دەرھال تاماكامنى تۇتاشتۇرۇپ بەردى.

ئاندىن ئۇ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئالدىمدا ئولتۇردى. لېكىن، يەنىلا ھېلىقى مىلتىقىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

مەن تاماكامنى چېكىۋېتىپ، قاپتىن بىر تال سىگارت سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭدىن تاماكا چېكىدىغان ـ چەكمەيدىغانلىقىنى سورىدىم.

— چېكىمەن، ئەپەندى، — دېدى ئۇ.

ئۇ ئاخىر زۇۋانغا كەلدى. ئەمما مەن ئۇنىڭ «S» تاۋۇشىنى چىقارغاندىكى تەلەپپۇزىنىڭ ئاندالۇتسىيىلىك-لەرنىڭ تەلەپپۇزىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدىم. شۇڭا، مەن ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش بىر ساياھەتچى ئىكەن، ئوخشىمايدىغىنى ماڭا ئوخشاش ئارخېئولوگ ئەمەس ئى-كەن، دەپ پەرەز قىلدىم.

— چېكىپ بېقىڭ، ناھايىتى ياخشى سى-گارت! — مەن ئۇنىڭغا بىر تال كۇبا سىگارتىنى ئۇزاتتىم.

ئۇ قولۇمدىن سىگارتنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ چەكتى

ھەمدە ماڭا بېشىنى لىڭشىتىپ رەھمەت ئېيتتى.

— پاھ! — ئۇ سىگارتنى قاتتىق بىر شوراپ، ئىسىنى ئاستا ـ ئاستا پۈۋلىدى، — تاماكا چېكىپ باقمىغىنىمغا ناھايىتى ئۇزۇن بولدى.

ئىسپانىيىدە بىر تال تاماكاڭنى خەق قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقىلى بولاتتى.

بۇ ئادەم ناھايىتى گەپدانلىق قىلاتتى. گەرچە ئۇ ئۆزىنى مونتىلىيالىق دېگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئانچە پىششىق بىلمەيدىكەن. ئۇ بىز ھازىر تۇرۇۋاتقان بۇ جىلغىنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەم ئەتراپتىكى كەنتلەرنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىكەن.

ئارقىدىن مەن يەنە ئۇنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا بىرەر خارابىلىكنى، گىرۋىكى قېلىن كاھىشلارنى ياكى نەقىش ئويۇلغان تاشلارنى ئۇچراتقان ـ ئۇچراتمىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ راستچىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن مۇنداق نەرسىلەرگە دىققەت قىلمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئەمما، ئۇنىڭ ئات توغرىسىدىكى سۆزلىرى ناھايىتى جايىدا بولدى. ئۇ مېنىڭ ئېتىمنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئەيىبلەپ، ئارقىدىن ئۆزىنىڭ ئېتىنى ماختاشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىنىڭ كوردوۋادىكى مەشھۇر ئات فېرمىسىدىن چىققان داڭلىق نەسىللىك ئات ئىكەنلىكىنى،

ئۇنىڭ ناھايىتى چىداملىق، قاۋۇل ئات ئىكەنلىكىنى، بىر قېتىم ئۇنىڭ بىر كۈندە 120 كىلومېتىر يول ماڭغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ، خۇددى كۆپ سۆزلەپ چارچاپ قويۇپ، پۇشايمان قىلغاندەك تۇيۇقسىزلا گېپىدىن توختىۋالدى.

— ئۇ چاغدا مەن كوردوۋاغا بېرىشقا ناھايىتى ئالدىراپ كېتىۋاتاتتىم، بىر دەۋا ئىشى بىلەن ئۇ يەردىكى سوتچىغا مۇراجىئەت قىلماقچى ... — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ، مېنىڭ يول باشلىغۇچۇم ئانتونىئوغا قارىدى، ئانتونىئو يەرگە قارىۋالدى.

مەن دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان بىر كۆلچەك بويىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولدۇم، شۇ چاغدا خۇرجۇنۇمدا بىرقانچە پارچە مەززىلىك سۈرلەنگەن گۆش بارلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم.

مەن يول باشلىغۇچۇمنى سۈرلەنگەن گۆشنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، بۇ ناتونۇش ئادەمنى بىز بىلەن بىللە ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىشكە تەكلىپ قىلدىم.

ھېلىقى ناتونۇش ئەر بىرقانچە كۈندىن بۇيان بىرەر نەرسە يېمىگەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بىر نەرسىلەرنى ئاچ قالغان بۆرىدەك چاينىماي يۇتۇۋاتقان قىياپىتى قايتا تىرىلگەن ئەرۋاھقا ئوخشايتتى.

ئەمما، مېنىڭ يول باشلىغۇچۇم ناھايىتى ئاز بىر نەرسە يېدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە زادىلا گەپ قىلمىدى. بۇ مۇشۇ ناتونۇش كىشىنىڭ ئۇچرىشىپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۇ يولدا كېلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا توختىماي سۆزلەپ كەلگەنىدى. مەن ھەتتا ئۇلار ئىككىيلەن بىر-بىرىدىن بىرئاز ئېھتىيات قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئەمما، بۇنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىدىم.

ئاخىر بولكا ئۇۋاقلىرى ۋە كىچىككىنە گۆش پارچىلىرىمۇ پاك-پاكىز يېيىلىپ تۈگىگەندە، بىز سىگارت چەكتۇق. ئاندىن مەن يول باشلىغۇچىغا ئاتنى توقۇ، يولغا چىقايلى، دېدىم.

مەن بۇ يېڭى دوستۇم بىلەن خوشلىشىۋاتقان ۋاقتىمدا، ئۇ مەندىن نەدە قونماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى سورىدى.

مەن يول باشلىغۇچۇمنىڭ ماڭا ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلماي، راستچىللىق بىلەن ئۆزۈمنىڭ جۇلۋودىكى كىچىك سارايغا چۈشمەكچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم.

— سىزدەك مۇشۇنداق ئادەممۇ ئاشۇنداق ئوسال جايغا چۈشەمدۇ؟ ئەمما، مەنمۇ شۇ تەرەپكە بارماقچى بولۇۋاتىمەن، ئەگەر قارشى تۇرمىسىڭىز بىز بىللە ماڭايلى،

بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ ناتونۇش ئادەم.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدىم مەن خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇپ. مەن ئاتقا مىندىم، يولباشلىغۇچى ئۈزەڭگىنى ئوڭشاپ بېرىۋاتقان چاغدا يەنە ماڭا كۆز ئىشارىسى قىلدى. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا پەقەت مۇرەمنى قىسىپ قويۇش بىلەن جاۋاب بەردىم. مەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ: كېرەك يوق، مەن بۇنىڭغا زادىلا پەرۋا قىلمايمەن، دېمەكچى بولاتتىم.

شۇنىڭ بىلەن بىز بىرلىكتە يولغا چىقتۇق.

ئەمەلىيەتتە، مەن يولدا كېتىۋاتسامۇ، ئەمما كۆڭلۈمدە ئويلىنىۋاتاتتىم، يول باشلىغۇچۇم ئانتونىئونىڭ سىرلىق ئىشارىتى، ئۇنىڭ خاتىرجەمسىزلىنىشى، ھېلىقى ناتونۇش كىشىنىڭ دۇدۇقلاپ ئېيتقان سۆزلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاتنى بىر چاپتۇرغانچە بىر كۈندە 120 كىلومېتىر يول يۈرگەنلىكىنى زور بىر باھانە بىلەن يوشۇرغانلىقى مېنىڭ ئېھتىمال بىر ئەتكەسچى ياكى بىر باندىت بىلەن ئالاقە قىلىۋاتقانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

ئەمما، بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق ئىدى. مەن ئىسپانلارنىڭ خاراكتېرىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتىم. مەن ئۆزۈم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ بىرنەرسە يېگەن، بىللە تاماكا چەككەن ئادەمدىن تولۇق خاتىرجەم ئىدىم،

بۇنىڭدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئېھتىمال، ئۇنىڭ بىلەن سەپەرداش بولسام ماڭا ئىشەنچلىك بىر قوغدىغۇچى بولۇپ قېلىشى، مېنى يامان ئادەملەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، باندىت دېگەننىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلسەم، بۇمۇ مەن ئۈچۈن بىر خۇشاللىنارلىق ئىش بولاتتى. شۇنى بىلىش كېرەككى، باندىت ئادەمگە ھەر كۈنى ئۇچراۋەرمەيدۇ. بىر خەتەرلىك ئۇنسۇر يېنىڭدا تۇرغاندا، بولۇپمۇ ئۇ ناھايىتى مۇلايىم بولۇۋالغان چاغدا، بۇمۇ سەن ئۈچۈن مەلۇم بىر تەسىر بولۇپ قالىدۇ.

مەن بىر ناتونۇش ئادەمنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئۈستىلىق بىلەن قىزىقتۇرۇشۇم ئارقىلىق ماڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىپ بېرىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم.

شۇڭا، يول بويى يول باشلىغۇچىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قىلغان ئىشارەتلىرىگە پەرۋا قىلماي، ئەكسىچە كەپنى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان قاراقچىلار ئۈستىگە بۇرىدىم. ئەلۋەتتە، مەن ئۇلار ئۈستىدە سۆزلىگەندە ئۇلارنى ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدىم.

شۇ چاغدا ئاندالۇتسىيىدە خوسى مارىيە ئىسىملىك ناھايىتى داڭلىق بىر قاراقچى بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرىغا ھەممە ئادەم ئاپىرىن ئوقۇيتتى.

«ئاشۇ خوسى مارىيە مېنىڭ يېنىمدىكى كىشى بولۇپ قالمىسۇن يەنە!» مەن شۇنداق ئويلىغاچ، ئۇ قەھ-رىمان ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سۆز-لىدىم، ئەلۋەتتە سۆزلىگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى مەدھىيە ئىدى.

— خوسى مارىيە بىر بۇزۇق ئەبلەخ، — دېدى ھې-لىقى ناتونۇش ئەر سوغۇققىنا.

«ئېھتىمال ئۇ كەمتەرلىك قىلىۋاتقاندۇ» دەپ ئوي-لىدىم مەن. چۈنكى، بۇ چاغدا مەن ھەرقانچە قىلساممۇ بۇ ناتونۇش كىشى ماڭا ئاشۇ خوسى مارىيەدەكلا كۆرۈ-نەتتى.

ئاندالۇتسىيىدىكى نۇرغۇن شەھەر سېپىلى دەرۋازد-لىرىغا ئېلان چاپلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاشۇ خوسى ما-رىيەنىڭ چىراي ـ تۇرقى، قىياپىتى كۆرسىتىلگەنىدى:

سېرىق چاچ، كۆك كۆز، ئاغزى چوڭ، چىشلىرى ناھايىتى رەتلىك، پۇختا، قوللىرى كىچىك، ئۇستىگە ئېسىل كۆڭلەك، كۈمۈش تۈگمىلىك دۇخاۋا چاپان كىيگەن، ئاق پاچاقلىق تارتىۋالغان، چىلان تورۇق ئات مىنگەن....

قىلچە خاتاسى يوق، چوقۇم شۇ. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى يوشۇرغان ئىكەن، بىز يەنىلا ئۇ-نىڭ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك.

بىز ئاخىر بىللە ھېلىقى سارايغا كەلدۇق. بۇ ساراي ھەقىقەتەنمۇ ھېلىقى ھەمراھىمىز ئېيتقاندەك مەن ئۆمرۈمدە ئۇچراتقان ئەڭ ناچار، ئاۋارە بىر جاي ئىدى.

بۇ ساراي پەقەت بىرلا چوڭ خانا بولۇپ، ھەم ئاشخانا، ھەم تاماقخانا، شۇنداقلا يەنە ياتاق ئىدى.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تاش تاختا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت قالىناتتى، تۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان ئىس ئۆينىڭ كىچىككىنە تۈڭلۈكىدىن سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتسىمۇ، لېكىن كۆپى يەنىلا سىرتقا چىقىپ كېتەلمەي، ئۆينى ئىسقا تولدۇرۇۋەتكەن ئىدى.

تام بويلىتىپ 6 ـ 7 پارچە كونا ئېشەك تېرىسى سېلىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ، بۇ سارايدىكى كارىۋات ھېسابلىناتتى.

بۇ ئۆيدىن 20 قەدەمچە نېرىدا بىر لاپاس بولۇپ، ئۇ ئاتخانا ئىدى.

بۇ سۆيۈملۈك سارايدا پەقەت بىر موماي ۋە ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر قىزلا بولۇپ، ئىككىلىسىنىڭ ئۈستۋاشلىرى پۈتۈنلەي كۈل ـ توزان، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل ئىدى.

موماي مېنىڭ بۇ ھەمراھىمنى كۆرۈپلا بەك خۇش بولۇپ كەتتى ۋە ھەيرانلىقتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىراپ كەتتى:

— ۋىيەي، دون خوسى غوجامغۇ بۇ!

دون خوسى ئەكسىچە قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، قوپاللىق بىلەن قولىنى سىلكىدى ـ دە، شۇئان موماينىڭ زوۋانىنى ئەتتى.

بۇ چاغدا مەن چاندۇرماي يول باشلىغۇچۇمغا قاراپ بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا بۇ ناتونۇش ئەر توغرۇلۇق ئەمدى ماڭا يەنە بىرنەرسە دېمە، دەپ ئىشارەت قىلدىم. چۈنكى، مەن بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ بىلەن بىللە قونۇش قارارىغا كەلگەنىدىم.

بەختكە يارىشا، كەچلىك تامىقىمىز مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ ياخشى بولدى.

كىچىك تاماق شىرەسى بىر گەز ئېگىزلىكتە ئىدى. ئالدى بىلەن توخۇ گۆشى قورۇمىسى بىلەن گۈرۈچ ئاش كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭغا خېلى كۆپ قىزىلمۇچ سېلىنغانىدى، ئارقىدىن ياغدا قورۇلغان قىزىلمۇچ كەلتۈرۈلدى، ئەڭ ئاخىردا «كاسپاچو» ناملىق قىزىلمۇچ سوغۇق سەي كەلتۈرۈلدى.

بۇ تاماقنى كۆرۈپ بىز بولۇشىچە هاراق ئىچتۇق.

قورساق راسا تويۇپ، هاراقتا قانغاندىن كېيىن، مەن تامدا ئېسىقلىق تۇرغان ماندالىنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئىسپانىيىنىڭ هەممە جايىدا بۇ ساز تېپىلاتتى.

مەن بىرگە تاماق توشۇپ كۈتكەن قىزدىن ئۇنى

چېلىشنى بىلەمسىز، دەپ سورىدىم.

— بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ قىز، — بىراق، دون خوسى ناھايىتى ياخشى چالىدۇ.

— ئەمىسە بىزگە ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بې-رەلەمسىز؟ — دېدىم مەن دون خوسىغا، — مەن سى-لەرنىڭ مىللىي مۇزىكاڭلارنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

— چېلىپ بەرمەي نېمە چارە، مەن بۇ سەمىمىي نىيەتلىك ئەپەندىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشتىن ھەقى-قەتەن خىجىل بولۇۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ماڭا شۇنداق داڭلىق سىگارت بەردى، — دون خوسى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى.

ئۇ ماندالىننى ئەكەلدۈرۈپ، بىر تەرەپتىن چېلىپ، بىرتەرەپتىن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى قوپال بولسىمۇ، ئەمما ناخشىنى ناھايىتى ياخشى، مۇڭلۇق ئېيتتى. ناخشىنىڭ ئاھاڭى قايغۇلۇق ھەم غەلىتە ئىدى. بىراق، مەن ناخ-شىنىڭ تېكىستىنى زادىلا ئۇقالمىدىم.

— خاتالاشمىسام بايا ئېيتقىنىڭىز ئىسپانىيە ناخ-شىسى بولمىسا كېرەك، — دېدىم دون خوسىغا، — ھېس قىلىشىمچە، ئۇ «سورشىك» دېيىلىدىغان باسك ئۇسلۇب مۇزىكىسى بولسا كېرەك. مەن باشقا جايدا بۇ مۇزىكىنى ئاڭلىغان، ناخشا تېكىستى باسك تىلىغۇ

دەيمەن، توغرىمۇ؟

— توغرا، — دەپ جاۋاب بەردى دون خوسى، ئەمما شۇئان چىرايى تۇتۇلدى.

ئۇ ماندالىننى يەرگە قويۇپ، ئىككى بىلىكىنى گىرەلەشتۇرۇپ مەيدىسىگە قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆ- چەيلا دەپ قالغان ئوتقا مىختەك قادالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ غەمكىنلىك قاپلىدى.

شىرە ئۈستىدە پىلىلداپ تۇرغان جىنچىراغ ئۇنىڭ چىرايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، قارىماققا ئۇ ھەم ئالىيجاناب، ھەم شەپقەتسىز كۆرۈنەتتى. ئۇ ماڭا ئەنگلىيە شائىرى مىلتوننىڭ «جەننەتتىن قوغلىنىش» ناملىق داستانىدا تەسۋىرلەنگەن، پەرۋەردىگار تەرىپىدىن پانىي ئالەمگە قوغلانغان شەيتاننى ئەسلىتەتتى. بەلكىم مېنىڭ بۇ ھەمراھىممۇ خۇددى ئاشۇ شەيتانغا ئوخشاش ھازىر ئاشۇ ئايرىلىپ كەتكەن يۇرتى ھەققىدە خىيال قىلىۋاتقاندۇ، ئاشۇ سىرسان تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقاندۇ!

بۇ سارايدىكى موماي ئاللىقاچان ئۆينىڭ بىر بۇلۇ- ڭىدا ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ ئۆيگە بىر تانا تارتىپ، تانىغا نۇرغۇن يەرلىرى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن ئەبجەق بىر يوتقان كىرلىكىنى ئارتىپ قويغانىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ياتقان يېرىنى باشقىلارنىڭ نەزەرىدىن توسۇپ قويغىنى ئىدى.

ئارقىدىن كىچىك قىزمۇ ھېلىقى تارتىپ قويۇلغان كىرلىكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا، مېنىڭ يول باشلىغۇچۇم ئورنىدىن تۇردى ھەمدە ماڭا ئاتخانىغا بېرىپ كېلەيلى، دېدى.

كۈتۈلمىگەندە، بىز ئەمدىلا قوزغىلىشىمىزغا دون خوسى خۇددى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بىردىنلا سەكرەپ كەتتى ھەمدە يول باشلىغۇچۇمدىن نەگە بارىسەن، دەپ ۋارقىراپ سورىدى.

— ئاتخانىغا بېرىپ قاراپ باقماقچىمەن، — دېدى مېنىڭ يول باشلىغۇچۇم.

— ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىسەن؟ ئاتلار يەيدىغان بوغۇز بارغۇ، جايىڭدا ئۇخلاۋەر، ئەپەندىم بۇنىڭغا ياق دېمەيدۇ، — دېدى دون خوسى كەسكىنلىك بىلەن.

— ئەپەندىمنىڭ ئېتى كېسەل بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. بولمىسا، ئەپەندىم بىللە بېرىپ قاراپ باقايلى، ئۇ بەلكىم نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەر.

يول باشلىغۇچۇمنىڭ ماڭا ئايرىم ئېيتىدىغان گېپى بارلىقى ئېنىق ئىدى. بىراق، مېنىڭچە بۇنداق قىلساق دون خوسىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشىمىز مۇمكىن ئىدى، مەن بۇنداق بولۇشىنى خالىمايتتىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا ئەڭ ياخشى چارە دون خو-

سىغا بولغان ئەڭ زور دەرىجىدىكى ئىشەنچنى بىلدۈ-
رۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

شۇڭا، مەن يول باشلىغۇچۇمغا: ئاتنىڭ كېسەل
بولۇپ قېلىشىغا دائىر ئەھۋاللارنى زادىلا بىلمەيمەن.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېرىپ كەتتىم، ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى،
ئۇخلاي دەيمەن، دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن دون خوسى يول باشلىغۇچۇم بىلەن
بىللە ئاتخانا تەرەپكە كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، دون خوسى ئۆزى يالغۇز قايە-
تىپ كەلدى. ئۇ ماڭا ئېتىڭىز ھېچنېمە بولماپتۇ،
سىزنىڭ يول باشلىغۇچىڭىز بەك ئەنسىرەپ كەتكەن
ئىكەن، ئۇ كېيىمى بىلەن ئاتنىڭ تەرلىرىنى سۈرتۈپ
قالدى، ئۇ كېچىچە ئاتنىڭ يېنىدا تۇرماقچىكەن.

بۇ چاغدا مەن ئېشەك تېرىسىدىن قىلىنغان كۆر-
پىگە چىقىپ ياتقانىدىم. مەن قاتتىق ئېشەك تېرىسى
بەدىنىمنى ئاغرىتىۋەتمىسۇن دەپ، پەلتويۇمغا چىڭ
يۆركىنىۋالدىم.

دون خوسى ناھايىتى ئەدەپ بىلەن ماڭا، ئەدەپسىز-
لىكىمنى كەچۈرۈڭ دېگەندىن كېيىن، ئىشىكنىڭ ئال-
دىغا كېلىپ يېنىمدا ياتتى. ئۇخلاش ئالدىدا يەنە مىل-
تىقىغا ئوق سېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئاندىن مىل-
تىقىنى ئاۋايلاپ خۇرجۇنغا سېلىپ، خۇرجۇننى بېشىغا

قويۇپ ياتتىم.

بىز ئىككىيلەن بىر – بىرىمىزگە يېقىشى چۈش كۆرۈش دېيىشىپ، بەش مىنۇتتىن كېيىن قويۇپ ئوخلاپ كەتتۇق.

بەك ھېرىپ كەتكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، ئىت كاتىكىدەك مۇشۇنداق ناچار جايدىمۇ ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ئەمما، بىرەر سائەت ئۆتكەن بولسا كېرەك، بەدىنىم چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىچىشىپ ئويغىنىپ كەتتىم.

بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندىم. مەن بۇ يەردە مۇنداق قىينالغۇچە، سىرتقا چىقىپ ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغىنىم تۈزۈك، دەپ ئويلىدىم.

مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىك ئالدىغا كەلدىم. ئاندىن تاتلىق ئۇخلاۋاتقان دون خوسېنىڭ ئۈستىدىن ئېھتىيات بىلەن ئاتلاپ ئۆتتۈم.

ئىشىك ئالدىدا ناھايىتى كەڭ بىر ئۇزۇن ئورۇندۇق بار ئىكەن، بۇ بىر كېچىنى ئەپلەپ – سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ياتتىم.

ئەمدىلا كۆزۈمنى يۇمۇشۇمغا ئالدىمدىن بىر ئادەم بىر ئاتنى يېتىلەپ لەپ قىلىپ ئۆتكەندەك بولدى، ئەمما، ئۇلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى زادىلا ئاڭلانمايتتى.

مەن ئۇنىڭ يول باشلىغۇچۇم ئانتونىئو ئىكەنلىكىنى

دەرھال تونۇۋالدىم. ئۇ ئاتنى يېتىلەپ نەگە بارىدىغاندۇ؟ مەن بۇنىڭغا ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدىم.

سونىك بىلەن ئانتونىئومۇ مېنى كۆرۈپ توختىدى، ئاندىن ناھايىتى پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئۇ قېنى، ئۇ نەدە؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ ئۆيدە، ئۇخلاپ قالدى، ئۇ چۈشىدىن قورقمايدىكەن. ئاتنى نەگە ئاپىرىسەن؟ — دېدىم مەن.

بۇ چاغدا، مەن ئانتونىئونىڭ ئاتنىڭ تۇيىقىدىن ئاۋاز چىقمىسۇن دەپ بىر كونا ئەدىيالنى يىرتىپ، ئاتنىڭ تۇيىقىنى چىڭ ئوراپ قويغانلىقىنى بايقىدىم.

— يا پەرۋەردىگار، پەسرەك سۆزلىگەن بولسىڭىز، — دېدى ئانتونىئو ئىنتايىن جىددىيلەشكەن ھالدا، — ئۇ ئەبلەخنىڭ كىملىكىنى تېخى بىلمەيدىكەنسىزدە؟ خوسى ناۋارو دېگەن شۇ، ئۇ ئاندالۇتسىيىدىكى ئەڭ نامى چىققان باندىت. بۈگۈن كۈن بويى مەن كۆپ قېتىم ئىشارەت قىلدىم، ئەمما، سىز ماڭا زادىلا پەرۋا قىلمىدىڭىز.

— باندىتتىمۇ نېمە قورقۇش، ئۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ — دەپ جاۋاب بەردىم مەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، — ئۇ ياكى مېنىڭ بىر نەرسەمنى ئوغرىلىۋالمىغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنىڭغا ھۆددە

قىلىمەنكى، ئۇنىڭدا ھەرگىز ئۇنداق نىيەت يوق.

— بوپتۇ، شۇنداق بولۇپ تۇرسۇن. لېكىن بىلەمسىز؟ ئەگەر كىم ئۇنى پاش قىلسا، ئۇ 200 دۇكاتو * ئىنئامغا ئېرىشىدۇ. مەن بۇ يەردىن 12 چاقىرىم يىراقلىقتا بىر ھەربىي گازارما بارلىقىنى بىلىمەن. تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى مەن بىرقانچە بەستلىك ئەركەكنى باشلاپ كېلەلەيمەن.... مەن ئەسلىدە ئۇ ئەبلەخنىڭ ئېتىنى مىنىپ ماڭماقچى ئىدىم، لېكىن ئۇ ئاتنىڭ مىجەزى ئوسالكەن، ناۋارودىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن بارالمىسا كېرەك.

— قوي ئۇ گېپىڭنى! — دېدىم مەن يول باشلىغۇچىغا قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماي، — سەن ئۇنى پاش قىلمىساڭ زادى بولمايدىغانغا خەق ساڭا قانداق يامانلىق قىلدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئۇنىڭ ئاشۇ قاراقچى ئىكەنلىكىگە قانداق ھۆددە قىلالايسەن؟

— چوقۇم شۇ! بايا، ئۇ مەن بىلەن ئاتخانىغا بارغاندا: سەن مېنى تونۇپ قالدىڭمۇ ـ قانداق؟ ئەگەر مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ئاۋۇ ياخشى نىيەتلىك خوجايىنىڭغا دەپ قويىدىغان بولساڭ، كاللاڭنى يانجىۋېتىمەن، دېدى. ئەپەندىم، سىز بۇ يەردە قېلىڭ! ئۇنىڭ گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سىز ئۇنىڭ

* دۇكاتو — ئۆتكەن ئەسىردىن ئىلگىرى ياۋروپادا كەڭ ئىشلىتىلگەن ۋېنىتسىيە تىللاسى.

يېنىدا قېلىپ قېلىڭ، — دېدى.

بىز سۆزلەشكەچ مېڭىپ، ئۇ سارايدىن خېلىلا يىـ ـراقلاپ كەتتۇق.

ئانتونىئو ئەمدى كىشىلەر ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدۇ دەپ قاراپ، ئاتنىڭ تۇيىقىغا ئورالغان لا- تىنى ئېلىۋېتىپ، يۈرۈپ كەتمەكچى بولدى.

مەن ياخشى - يامان گەپلەرنى قىلىپ، قاتتىق - يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، بارلىق ئاماللار بىلەن ئانتونىئونى توسۇپ قالماقچى بولۇۋاتاتتىم. ئەمما، ئۇ زادىلا ئىككىلەنمەي، ماڭا:

— ئەپەندىم، مەن بولسام سىېپى ئۆزىدىن نامرات ئا- دەم، قولۇمغا كېلەيلا دەپ قالغان 200 تىللانى بىكارغىلا قولدىن چىقىرىپ قويسام ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بۇ يەردە بىر ئاپەتنى يوقىتىشقا مۇناسىـ ۋەتلىك ئىنتايىن چوڭ ئىش. ئەمما سىز قاتتىق ئېھـ ـتىيات قىلىڭ! ئەگەر ناۋارو ئويغىنىپلا قالىدىغان بولسا، دەرھال مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئىشقىلىپ ئەمدى ئىش بۇ دەرىجىگە يەتتى، ئەمدى مېنىڭ چېكىنىش يو- لۇم قالمىدى. ئەپەندىم، سىز بىر چارىلەر بىلەن بۇ ئەبلەخكە تاقابىل تۇرغاچ تۇرۇڭ!

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بۇ ئەبلەخ ئاتقا سەكرەپ مىنىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن چاپقىنىچە چەكسىز كېچە

قاراڭغۇسىدا كۆزدىن غايىب بولدى.

يول باشلىغۇچىنىڭ ھەرىكىتىگە قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىرئاز خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدىم. مەن قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، ئاخىر بىر قارارغا كەلدىم ـ دە، سارايغا يېنىپ كىردىم.

دون خوسى يەنىلا ئورنىدا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ نەچچە كۈنلەردىن بۇيان بىردەمدىلا پەيدا بولۇپ، يەنە بىردەمدىلا غايىب بولۇپ، جاپا تارتىپ، ھېرىپ ـ چارچاپ يۈرگەچكە، ئەمدى ھازىر ئۇخلاپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋاتاتتى.

مەن ئۇنى كۈچ بىلەن ئىتتىردىم. ئۇ شۇئان ماڭا ياۋۇزلارچە ئالىيىپ، دەرھال مىلتىقىغا قول ئۇزاتتى. ياخشىسى مەن ئالدىبۇرۇن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ مىلتىقىنى يىراققىراق سۇرۇپ قويغانىدىم.

— ئەپەندىم، — دېدىم مەن دەرھال ئۇنىڭغا، — كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى مەقسەتلىك ئويغاتتىم. چۈنكى مەن سىزدىن ئەخمىقانە بىر سوئالنى سورىماقچىمەن: ئەگەر بىردەمدىن كېيىن سىز بۇ يەرگە 5 ـ 6 قوراللىق ئەسكەرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرسىڭىز، ئۇلارغا پەرۋا قىلامسىز ـ قانداق؟

ئۇ شۇئان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ۋارقىراپ كەتتى:

— بۇنى سىزگە كىم ئېيتتى؟

— ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق ئىش بولىدىغان بولسا، بۇنچە كۆپ سوئال سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— مەن چۈشەندىم، سىزنىڭ يول باشلىغۇچىڭىز ماڭا ساتقىنلىق قىپتۇ. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم بەدەل تۆلەيدۇ. ئۇ قەيەردە؟

— ئۇ...ئېھتىمال ئاتخانىدا بولسا كېرەك. مەن.... بۇنى ماڭا بىرسى ئېيتقان....

— بۇنى سىزگە زادى كىم ئېيتتى؟.... سارايدىكى موماي ئېيتمىغاندۇ؟.....

— ياق، بۇنى بىر ناتونۇش ئادەم ئېيتىپ بەردى.... كۆپ سوراۋەرمەڭ.... بۇنىڭغا پەرۋا قىلامسىز ـ قىلمامسىز؟ ياكى مۇشۇ يەردە ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەمسىز؟ ئەگەر ئۇلارنى كۆرۈشنى خالىمىسىڭىز، ۋاقىتنى يەنە كېچىكتۈرمەڭ. ئەگەر سىز بۇ يەردە تۇرۇۋېرىپ ئۆلۈمنى كۈتۈشنى خالىسىڭىز، مەن كەچلىكىڭىزگە خەيرلىك تىلەيمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيقۇڭىزدىن ئويغىتىۋەتكىنىم ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن.

— بەللى، سىزنىڭ ئاشۇ يول باشلىغۇچىڭىز ئىكەن ـ دە! توغرا، دەل ئاشۇ! مەن ئاللىقاچان ئۇنىڭدىن گۇمانلانغانىدىم، توختاپ تۇرسۇن.... ئۇنىڭدىن بۇ ھېسابنى

چوقۇم ئالمايدىغان بولسام.... خوش ئەپەندىم، سىز ماڭا ياردەم قىلدىڭىز. ئەمدى سىزگە پەرۋەردىگار رەھمەت قىلغاي.... مەن ئۇلار دېگەندەك ئادەم ئەمەس.... راست دەۋاتىمەن.... مەن سىزدەك مۇنداق ئەپەندىلەرنىڭ ھېسداشلىق قىلىشىغا ئەرزىگۈدەك ئادەممەن... خەير ـ خوش ئەپەندىم. بىرلا ئەپسۇسلىنىدىغىنىم — ھازىرچە شەپقىتىڭىزگە جاۋاب قايتۇرۇشقا چارىسىزمەن.

— ئەگەر ماڭا جاۋاب قايتۇرماقچى بولسىڭىز، دوستۇم، شۇنىڭغا ماقۇل بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەنكى — ئۇچرىغانلىكى ئادەمدىن گۇمانلىنىپ يۈرمەڭ، ھە دېسىلا باشقىلاردىن ئۆچ ئېلىشنىڭ كويىدىمۇ بولماڭ! مېنىڭ يېنىمدا يەنە بىرقانچە تال سىگارت بار، يولدا چېكەرسىز، ئېلىۋېلىڭ! سىزگە ئاق يول بولسۇن! — مەن شۇنداق دەۋېتىپ، ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزاتتىم.

ئۇ مېنىڭ قولۇمنى چىڭ سىقتى، ئەمما، ھېچقانداق گەپ قىلمىدى، ئاندىن مىلتىقى ۋە خۇرجۇنىنى ئېلىپ، مەن ئۇقمايدىغان يەرلىك تىل بىلەن مومايغا بىر نېمىلەرنى دېدى ـ دە، ئاتخانىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، مەن دالىدا ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تېز چېپىپ كېتىۋاتقان تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

مەن يەنە ھېلىقى ئۇزۇن ئورۇندۇققا كېلىپ ياتتىم.

ئەمما، بايىقى ئۆرنتۆپچىلىكتىن كېيىن ئەمدى زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى.

مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوئال قويۇپ، بىر قاراقچىنى دار ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش كېرەكلىكى ياكى كېرەك ئەمەسلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم. ئېھتىمال[1] ئۇ يەنە قاتىل بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مېنىڭ مۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ سورلەنگەن گۆش ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تاماق يېگەنلىكىم ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە مېنىڭ مۇنداق قىلىشىم يول باشلىغۇچىمغا ساتقىنلىق قىلىش بولۇپ قالامدۇ؟ ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ئۇمۇم ئۇچۇن، قانۇنغا رىئايە قىلىشقۇ؟! بۇ مېنىڭ ئۇنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرگىنىم ئەمەسمۇ؟ ئۇ مۇتتەھەمنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئۇ چوقۇم ئۆچ ئالىدۇ!

ئەمما يەنە گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، بىر ئادەمدە ئادەمگەرچىلىك دېگەن يەنىلا بولۇشى كېرەك. بەلكىم، مېنىڭ بۇ قارىشىم بىر نادانلىقتۇر، ئېھتىمال بۇنىڭدىن كېيىن بۇ باندىت ئۆتكۈزگەن بارلىق جىنايەتلەرگە مېنىڭ جاۋابكار بولۇشۇم كېرەكتۇ؟

ئەجەبا، مېنىڭ ئۆز ئىختىيارىم، ۋىجدانىم بىلەن قىلغان ئىشىممۇ ھەقىقەتكە خىلاپ كېلەمدۇ؟ ھازىرقى

ھالىتىم ھەم مۇشكۇلچىلىكتىنمۇ قۇتۇلالمايدىغان، ھەم پۇشايمان قىلمىسا بولمايدىغان بىر ئەھۋالمىدۇ؟!

دەل مەن ئۆزۈمنىڭ ھەرىكىتىم توغرىسىدا قايتا ـ قايتا ئويلىنىۋاتقان، ئۇنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە زادى ئۇيغۇن كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى زادىلا ئايدىڭ- لاشتۇرالمايۋاتقان ۋاقتىمدا، بىردىنلا بىرنەچچە ئاتلىق ئەسكەرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆردۈم، يەنە مېنىڭ ھېلىقى يول باشلىغۇچۇممۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئوغرى مۇ- شۇكتەك ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

مەن دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدىم. مەن ئۇلارغا ھېلىقى باندىتنىڭ ئىككى سائەت ئىلگىرىلا بۇ يەردىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردىم.

ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئەترەت باشلىقى سارايىنىڭ خوجايىنى بولغان مومايدىن سورىدى، موماي ئۆزىنىڭ ناۋارونى تونۇيدىغانلىقىنى، ئەمما، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ياشقا كېلىپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يالغۇز ـ يېگانە ئىكەنلىكى، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ئۇ قاراقچىنى پاش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنداق قىلغان بولسا، ئۆزىنىڭ بۈگۈنگىچە ياشى- يالمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ يەنە ناۋارونىڭ ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلسە يېرىم كېچىدە قوپۇپ بۇ يەردىن كېتىدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى

ئېيتىپ بەردى.

ئۇ ئەترەت باشلىقى ئەمدى مەندىن سوئال سورىغىلى تۇردى ھەمدە مېنىڭ بۇ يەردىن بىرقانچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر مەمۇريي ئەمەلدارنىڭ مەھكىمىسىگە بېرىپ پاسپورتۇمنى تەكشۈرتۈشۈم لازىملىقىنى ھەم دوكلاتىمغا قول قويدۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ يەردە داۋاملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمغا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

مېنىڭ يول باشلىغۇچۇم ئانتونئو بولسا، باشتىن ـ ئاخىر ماڭا غوم ساقلاپ كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قولىغا كېلەيلا دەپ قالغان ئىنئامىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى چوقۇم مەندىن كۆرگەنىدى.

ئەمما، بىز كوردوۋادا ئايرىلغان چاغدا يەنىلا دوستلۇقنى ئەلا بىلدۇق. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ زىيىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش بولۇپ قالار دەپ، مەن ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا خېلىلا كۆپ ھەق بەردىم.

مەن كوردوۋادا بىرقانچە كۈن تۇردۇم. بىرەيلەن ماڭا: دومىنىك جەمئىيىتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا مىنداگو جەڭگاھىغا دائىر بەزى قوليازما ماتېرىياللار بار ئىكەن، بەلكىم ئۇ سىزنى قىزىقتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن، دېدى.

مەن بۇ يەردە پوپلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. كۈندۈزى موناستىردا بولدۇم، كەچتە

كوچىغا چىقىپ سەيلە قىلدىم.

كوردوۋادا، كۆن ئۇلتۇراي دەۋاتقاندا ھەمىشە نۇرغۇن-لىغان كىشىلەر گۈادالكۋىر دەرياسىنىڭ ئۇلۇق قىرغىقىغا يىغىلىشىپ سەيلە قىلىشاتتى. بۇ يەردە كۆن-خۇرۇم ئۇستىخانىلىرىدىن تارقالغان كۈچلۈك پۇراق گۈپۈلدەپ دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. چۈنكى، بۇ يەرنىڭ كۆن-خۇرۇم ئىشلەش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۇستى-گە، ھازىرغىچە شۆھرىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

ئەمما، بۇ يەردە بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئاجايىپ مەنزىرىمۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

چېركاۋنىڭ كەچلىك قوڭغۇرىقى چېلىنىشتىن بىرقانچە مىنۇت ئىلگىرى، نۇرغۇنلىغان ئاياللار دەريا بويىغا توپلىنىپ، ئېگىز قاش ئاستىدىكى سۇ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى، بۇ سەپ ئىچىگە بىرەر ئەر كىرىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

كەچلىك قوڭغۇراقنىڭ چېلىنىشى كېچە پەردىسى-نىڭ تارتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەڭ ئاخىرقى قوڭغۇراق ئاۋازىدىن كېيىنلا، ئاياللار ئارقا-ئارقىدىن كىيىملىرىنى سېلىشىپ، دەرياغا سەكرىشەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئاياللارنىڭ ۋارقىراشلىرى، ئويىنى-شىپ چۇرقىراشلىرى ئەتراپنى بىر ئالاتتى.

ئەرلەر ئېگىز قاش ئۇستىدە ناھايىتى قىزىقىش

بىلەن سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان ئاياللارنى تاماشا قىلىشاتتى. گەرچە بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىۋاتقان تۈن قوينىدا، ئۇلار ھېچ نەرسىنى ياخشىراق كۆرەلمىسىمۇ، ئەمما، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا مەستانىلەرچە قاراپ قېتىپ قېلىشاتتى.

بىراق، ئاپئاق، گۈزەل تەنلەر كۆپكۆك دەريا سۈيىدە ھېلى كۆرۈنۈپ، ھېلى كۆرۈنمەي، كىشىلەرنىڭ ئاجايىپ شېئىرىي ھېسسىياتىنى، ئىلھامىنى قوزغايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر ئازراق تەسەۋۋۇر كۈچى ئىشقا سېلىنسىلا، بۇ بەئەينى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى دىئاننا ۋە سۇ پەرىلىرىنىڭ سۇغا چۆمۈلۈش كۆرۈنۈشى ئىدى. يەنە كېلىپ خۇددى ئۇۋچى ئاكتوئان سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان ئاياللارنى مارىغانلىقى ئۈچۈن جازالانغاندەك جازالىنىشتىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز ئىدى.

يەنە بەزىلەرنىڭ دەپ بېرىشىچە، بىر قېتىم بىرقانچە سۆلەتۋاز بايۋەچچە بىرلىكتە پۇل يىغىش قىلىپ، چېركاۋنىڭ قوڭغۇراقچىسىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا قوڭغۇراقنى 20 مىنۇت بۇرۇن چالدۇرغان. نەتىجىدە، ئۇ كۈنى تېخى خېلىلا يورۇق بولسىمۇ، گۋادالكۋىر دەرياسى بويىدىكى ئىلاھەلەر قىلچە ئىككىلەنمەي، بىمالال ھالدا كىيىملىرىنى سېلىپ سۇ ئۈزۈش كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغان. دەرۋەقە، بۇ سۇ ئۈزۈش كىيىملىرى ناھايىتى

نىپىز بولىدىكەن.

ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ ئىش بولغان چاغدا مەن كوردوۋادا ئەمەس ئىدىم. مەن بۇ يەردىكى چاغدا، چىرىكاۋدىكى قوڭغۇراق چالغۇچى پارا يېمەيدىغان ئادەم ئىكەن. شۇڭا، بۇ غوۋا گۇگۇم ئىچىدە پەقەت مۇشۇكتەك ئۆتكۈر كۆزى بار ئادەملەرلا ئاشۇ سوغا چۈمۈلۈۋاتقان ئايالLارنىڭ قايسىسى كوردوۋا بويىچە ئەڭ گۈزەللەر، قايسىسى سېسىق ئاپىلسىن ساتىدىغان قېرى مومايلار ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيدىكەن.

بىر كۈنى كەچتە، قاراڭغۇلۇقتىن ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر چاغدا، مەن قاشتىكى رىشاتكىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتاتتىم. بىردىنلا بىر ئايال قاشتىكى پەلەمپەيگە چىقىپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇ چېچىغا بىر تۇتام يەسمەن گۈلى قىسىۋالغان بولۇپ، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلدىن كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان خۇش پۇراق چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇستىۋېشىغا پۇتۇنلەي قارا كىيىم كىيگەن، ئەمما، كىيىنىشى بەكمۇ ئاددىي ـ ساددا، ھەتتا خېلىلا نامرات چىراي ئىدى. قارىماققا ئۇ كېچە سەيلىسى قىلىدىغان ئىشچى ئايالغا ئوخشايتتى. چۈنكى، ئەگەر ئۇ سالاھىيەتلىك، ئەخلاقلىق ئايال بولىدىغان بولسا، ئادەتتە پەقەت سەھەردىلا قارا

رەڭلىك سەھەرلىك لىباس كىيگەن، كەچتە چوقۇم فرانسۇزچە كەچلىك لىباس كىيگەن بولاتتى.

سۇغا چۆمۈلۈپ چىققان بۇ قىز مېنىڭ يېنىمغا كەلگەن چاغدا، بېشىدىكى گاز ياغلىقىنى قەستەن بويىنىغا چۈشۈرۈۋالدى. بۇ چاغدا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار پىلىلداپ تۇرغان بولغاچقا، مەن ئۇ ئايالنىڭ زىلۋا، نازۇك، ياش، فىگورىسى كېلىشكەن، گۈزەل، چوڭ كۆزلۈك ئايال ئىكەنلىكىنى غۇۋا كۆردۈم.

مەن چېكىۋاتقان سىگارتىمنى دەرھال تاشلىۋەتتىم. ئۇ بۇنىڭ فرانسۇزچە ئەدەپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، شۇڭا، دەرھال ئۆزىنىڭ تاماكا پۇرىقىنى پۇراشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنچە كۈچلۈك بولمىغان ياخشى تاماكىنى تاپسا، ئۆزىنىڭمۇ بىرقانچىنى شوراپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بەختكە يارىشا، مېنىڭ تاماكا قۇتامدا مۇنداق تاماكا بار ئىدى، شۇڭا، دەرھال تاماكا قۇتامنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. دەرۋەقە ئۇ يۇزۇمنى قىلىپ بىر تالنى سۇغۇرۇپ ئالدى ھەمدە بىر بالىغا سەرەڭگە ئەكەلدۈرۈپ، تاماكىنى تۇتاشتۇردى.

بىز ئىككىمىز تاماكا چېكىشىپ، تاكى قىرغاقتا بىز ئىككىمىزلا قالغۇچە ناھايىتى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق.

مەن ئۇنى مۇزخانا قەھۋەخانىسىغا بىرىپ سوغۇق ئىچىملىك ئىچىپ كىلىشكە تەكلىپ قىلىش نىيىتىگە كەلدىم، مۇنداق قىلسام ئەدەپسىزلىك بولماس دەپ ئويىـ لىدىم.

ئۇ قىز بىرئاز خىجىل بولغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئاخىر يەنىلا ماقۇل بولدى. ئەمما، بىز ئورنىمىزدىن قوزغىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ مەندىن سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى سورىدى.

كېچە قاراڭغۇلۇقىدا سائىتىمنىڭ قانچە بولغانلىـ قىنى كۆرەلمەي، ۋاقىتتىن سىگنال بېرىش كۇنۇپكىـ سىنى باستىم. ئۇ ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى ھەيران بولدى ـ دە:

— بۇ كەشپىيات ئاجايىپ قالتىس ئىكەن. ئەپەندىم، سىز قايسى دۆلەتتىن؟ ئەنگلىيىلىك، توغرىمۇ؟

— مەن فرانسىيىلىك، سىزچۇ خانقىز ۋە ياكى خانىمدۇرسىز، سىز ئېھتىمال كوردوۋالىققۇ دەيمەن؟

— ياق، مەن كوردوۋالىق ئەمەس.

— شۇنداقمۇ، ئۇنداقتا سىز ھېچبولمىغاندا ئاندا. لۇتسىيىلىك بولسىڭىز كېرەك، مەن سىزنىڭ تەلەپپۇ. زىڭىزنىڭ ناھايىتى يۇمشاق ئىكەنلىكىنى سەزدىم.

— ھەرقايسى جايلارنىڭ تەلەپپۇزىدىن شۇنچە خەۋە. رىڭىز بار ئىكەن، ئۇنداقتا مەن قەيەرلىك ئىكەنمەن، بىر

پەرەز قىلىپ بېقىڭا؟

— پەمىچە، سىز خرىستوسنىڭ دۆلىتىدىن بولسىڭىز كېرەك، جەننەتكە ئىككى قەدەملا يىراق بولغان جايدىن ئىكەنسىز.

بۇ ئوخشىتىشنى مەن دوستۇم، داڭلىق بۇقا سوقۇشتۇرغۇچى فرانسىسكو سېۋىلادىن ئۆگىنىۋالغانىدىم. ئەمەلىيەتتە، ئاندالۇتسىيىلىك ئىكەنسىز دېمەكچى ئىدىم.

— بولدىلا! كىشىلەر ھەممىسى بۇ جەننەتنىڭ ئىشىكى بىز ئۈچۈن ئوچۇق ئەمەس دېيىشىدۇ.

— ئۇنداقتا، سىز مورلاردىن ئىكەنسىز ـ دە... بەلكىم.... — مەن سەل ئىككىلىنىپ قالدىم، ئۇنى يەھۇدىي ئىكەنسىز دېيىشكە ئوڭايسىزلاندىم.

— بولدى، بولدى. سىز مېنىڭ بوھىمىيىلىك ئىكەنلىكىمنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، دېيىشنى خالىمايۋاتىسىز. سىزگە بىر پال سېلىپ باقايمۇ؟ سىز كارمېن دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىغانمۇ، ئەنە شۇ كارمېن مەن بولىمەن.

بۇ تەخمىنەن 15 يىللار ئىلگىرىكى ئىش ئىدى. ئۇ چاغدا مەن تېخى ھېچقانداق دىنغا ئېتىقاد قىلمايتتىم. شۇڭا، ئەقەللىيسى يېنىمدا بىر جادۇگەر تۇرغان بولسىمۇ زادىلا قورقمايتتىم ياكى كەينىمگە داجىمايتتىم.

— ھە، بۇمۇ بولدى، — دېدىم ئىچىمدە ئۆز ـ

ئۆزۈمگە، — ئۆتكەن ھەپتە بىر قاتىل، بۇلاڭچى باندىت بىلەن بىللە كەچلىك تاماق يېگەنىدىم. بۇگۈن ئەمدى بىر ئالۋاستىنىڭ مۇرىتى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ سو- غۇق ئىچىملىك ئىچىدىغان بولدۇم.

ئەمما، ئەسلىي گېپىمگە كەلسەم، جاھان كېزىپ يۈرسەڭ، دۇنيا ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولىسەن دېگەندەك، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشتا يەنە باشقا بىر مەق- سىتىممۇ بار ئىدى.

ئېيتىپ كەلسەم سەل خىجىل بولىمەن. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مەن نۇرغۇن ۋاق- تىمنى سەرپ قىلىپ مىستىتسىزم (سىرلىقلاشتۇرمى- چىلىق) نى تەتقىق قىلغان، ھەتتا نەچچە قېتىم ئەپسۇن ئوقۇپ، جىن - شاياتۇنلارنى قوغلايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلغانىدىم. ھازىر، ئەمدى مەن ئاللىقاچان ئۇ يامان يولدىن قايتىپ، ئۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتىن قول ئۈزگەن بولساممۇ، ئەمما، بارلىق خۇراپىي ھادىسىلەرگە بولغان قىزىقىشىم يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئەمدى ياخ- شى بولدى، بۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بوھېمى- يىلىكلەرنىڭ جادۇگەرلىكىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلى- كىنى، ئىلگىرى مەن كۆرگەن ئىشلار بىلەن زادى نېمە پەرقى بارلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي، تەبىئىيكى، بۇ مې- نى چەكسىز خۇشال قىلىدىغان ئىش ئىدى.

بىز پاراڭلىشىپ ماڭغاچ، مۇزخانا قەھۋەخانىسىغا كىردۇق.

بىز بىر كىچىك ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇردۇق. ئۈس-تەلدە ياندۇرۇلغان بىر شام قويۇلغان، شامغا بىر ئەينەك شىشە كىيدۇرۇپ قويۇلغانىدى.

ئەمدى بىمالال ھالدا ئولتۇرۇپ بۇ بوھېمىيىلىك قىزغا سەپسېلىش، ئۇنى كۆزىتىش پۇرسىتى كەلگەنى-دى. ئەتراپىمىزدا يەنە بىرقانچە مېھمان مۇزلۇق ئى-چىملىك ئىچىشمەكتە ئىدى. بىر گۈزەل قىزنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ مەستلىكى كەلگەنلىكىدىن كۆزلىرى ئالاق - جالاق بو-لۇپ كەتتى.

راستىنى ئېيتسام، مەن ھەقىقەتەن كارمېن خان-قىزنى ساپ بوھېمىيىلىك ئەمەسمىكىن دەپ بىرئاز گۇمانلىنىپ قالدىم. ئۇ ھەقىقەتەن تەڭداشسىز گۈزەل ئىدى. ئەقەللىيسى، مەن تاكى ھازىرغا قەدەر ھېچقاچان مۇنداق گۈزەل بىر بوھېمىيىلىكنى كۆرۈپ باقمىغانى-دىم.

ئىسپانلار، بىر ئايال ئۆزىدە 30 شەرتنى ھازىرلىغاندا ئاندىن گۈزەل ھېسابلىنالايدۇ، دەيدىكەن. باشقىچە ئېيت-قاندا، بىر ساھىبجامال ئەڭ ئاز دىگەندىمۇ 10 سۈپەت سۆزى بىلەن تەرىپلىنىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر



سۇپەت سۆزى ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئۈچ گۈزەللىكىگە ماس كېلىشى كېرەك.

مەسىلەن، چوقۇم ئۈچ قارا، ئۈچ يۇمران بولۇشى، يەنى قارا كۆز، قارا قاش، قارا كىرپىك، قولى يۇمران، لەۋلىرى يۇمران، چاچلىرى يۇمران بولۇشى كېرەك، ۋەھاكازا.

ھازىر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرۇۋاتقان بۇ بوھىمىيىلىك قىز گەرچە كەم - كۈتىسىز گۈزەل بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۇ ئۆزگىچە بىر گۈزەللىككە ئىگە ئىدى.

ئۇنىڭ تېرىسى ناھايىتى پاكىز، پارقىراق، ئالتۇن رەڭگە مايىل ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى سەل - پەل ئالغاي بولسىمۇ، ئەمما، چوڭلۇقىدىن كىشىنى جەلپ قىلاتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى سەل قېلىنراق بولسىمۇ، ئەمما، ناھايىتى چىرايلىق، ئاغزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق چىشلىرى ھازىرلا شاكىلىدىن چىقىرىلغان ئۆرۈك مېغىزىدىنمۇ سۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى سەل يىرىك بولسىمۇ، ئەمما، ئۇزۇن ھەم پارقىراق، سۇس كۆكۈش رەڭدە چاقناپ تۇراتتى.

بولدىلا، سىزنى زېرىكتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلەپ ئولتۇرماي، گەپنى قىسقا، چۈشىنىشلىك قىلاي.

مۇبادا ئۇنىڭ جىسمىدا بىرەر كەمچىلىك بار

دىيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى ئۇنىڭغا جۈپ ئىدى ھەمدە ئىككىسىنى سىلىشتۇرغاندا، ھەمىشە ئارتۇقچىلىقى كەمچىلىكىنى بېسىپ چۈشەتتى.

بۇ ئاجايىپ بىر گۈزەللىك، ياۋايى گۈزەللىك ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۈزىگە تۇيۇقسىز قارىغاندا كىشى ھەيرانۇ ـ ھەس بولاتتى، ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى زادىلا ئۇنتۇيالمايتتى.

بىراق، ھەممىدىن ئالاھىدە يېرى يەنىلا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كىشىنىڭ ئەقلىنى ئازدۇرىدىغان ئەدەپسىزلەرچە بىر خىل روھىي كەيپىيات ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇنداق قاراشنى ھېچقانداق كىشىنىڭ كۆزىدىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىسپانىيىدە بوھېمىيىلىكلەرنىڭ كۆزىنى بۆرىنىڭ كۆزىگە ئوخشىتىدىغان ئادەت بار، بۇ ئىنتايىن دەل جايىدىكى ئوخشىتىش ئىدى. ئەگەر سىز بۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز، ھايۋانات باغچىسىغا بېرىپ بۆرىنىڭ كۆزىنى كۆزىتىپ بېقىڭ ياكى بولمىسا ئۆيىڭىزدىكى مۈشۈكنىڭ قۇشقاچ تۇتقان چاغدىكى ھالىتىنى كۆزىتىپ بېقىڭ.

مەن بۇ گۈزەلگە ھاپىلا ـ شاپىلا پال سالدۇرمىدىم. چۈنكى، قەھۋەخانىدا پال سالدۇرغاندا خەقلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدىغان گەپ. شۇڭا، مەن ساھىبجامال پالچىدىن

مېنى ئۆيىگە بىللە ئاپىرىشنى ئۆتۈندۈم.

ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەيلا ماقۇل بولدى، ئەمما، ئۇ ھازىر سائەت قانچە بولغاندۇ، دەپ سورىدى. ئۇ مېنىڭ ۋاقىتتىن سىگنال بېرىدىغان سائىتىمنى يەنە بىر باستۇرغۇسى بار ئىدى.

— بۇ سائەت ئالتۇنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ سائىتىمنى پۇتۇن دىققىتى بىلەن كۆزىتىپ.

بىز ئۇ قەھۋەخانىدىن چىقىپ، كوچىدا سەيلە قىلدۇق. بۇ چاغدا كېچە بىر يەرگە بارغان، ماگىزىن - دۇكانلارنىڭ تولىسى تاقالغانىدى. چوڭ - كىچىك كوچىلار بوش، جىمجىت ئىدى.

بىز شەھەرنىڭ چېتىگە كېلىپ كۆرۈمسىز بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدۇق. بىر بالا بىزگە ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. بوھېمىيىلىك قىز ئۇنىڭغا بىرقانچە ئېغىز گەپ قىلدى، ئەمما، مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم. كېيىن ئۇنىڭ بوھېمىيىلىكلەرنىڭ يەرلىك تىلىدا ئۇ بالىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغانلىقىنى ئۇقتۇم، ئۇنىڭ ئىسمى رومانى ئىكەن.

ئۇ بالا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپلا چىقىپ كەتتى. بۇ ئۆي ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭ بولۇپ، ئىچىدە بىز ئىككىمىزلا قالدۇق، بۇ ئۆيدە بار - يوقى پەقەت بىر كىچىك ئۈستەل، ئىككى ئورۇندۇق، يەنە بىر ساندۇقلا بار ئىكەن.

ھە، يەنە سۇ ئالىدىغان بىر ئىدىش، بىر دۆۋە ئاپېلسىن ۋە بىر باغلام پىيازمۇ بار ئىكەن.

بۇ چاغدا، بوھېمىيىلىك قىز ساندۇقتىن كونىراپ كەتكەن بىر قول قارتا، بىر ماگنىت تاش، قۇرۇپ قېتىپ كەتكەن بىر كەسلەنچۈك ۋە يەنە پال سالغاندا لازىم بولىدىغان بىرقانچە نەرسىنى ئالدى.

ئاندىن ئۇ مېنى بىر تەڭگە پۇل بىلەن سول قولۇمغا بىر كرېست سىزىشنى بۇيرۇدى، پال سېلىش مانا مۇشۇنداق باشلاندى.

بۇ يەردە مېنىڭ ئەزمىلىك قىلىپ ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكىتىنى تەپسىلىي سۆزلىشىم ھاجەتسىز. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ پال سېلىش كارامىتىدىن قارىغاندا، ئۇ ھەرگىز ئادەم ئالدايدىغان يېرىم ـ يارتا پالچىلارغا ئوخشىمايتتى.

ئەپسۇسلىنارلىقى، پال سېلىنىپ ئەمدىلا يېرىملاشقاندا بىز دەخلىگە ئۇچرىدۇق.

ئىشىك قاتتىق ئىتتىرىپ ئېچىلىپ، بىر ئەر ئۇسۇپلا كىردى. ئۇ ئۇستىگە بىر يېپىنچا يېپىنىۋالغان بولۇپ، پەقەت ئىككى كۆزىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ ئۆيگە كىرىپلا قىلچە يۇز ـ خاتىر قىلماي بوھېمىيىلىك قىزنى ئەيىبلەپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي قالدىم،

ئەمما، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

بوھېمىيىلىك قىز ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالمىدى، ئاچچىقلىنىپمۇ كەتمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى.

ئۇ بايىقى بوھېمىيە تىلى بىلەن بىرنېمىلەرنى دەپ ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. بىرلا چۈشىنەلىگىنىم، ئۇ بىرقانچە قېتىم ئېيتقان «پىيلو» دېگەن سۆز ئىدى. بۇ بوھېمىيىلىكلەرنىڭ يات مىللەتلەرنى ئاتايدىغان سۆزى ئىدى.

ئەگەر ئۇ مېنى شۇنداق ئاتىغان بولسا، بۇنى چۈشەندۈرۈش تەسرەك ئىدى. مەن يوشۇرۇنچە بىر ئورۇندۇقنىڭ پۇتىنى چىڭ تۇتۇۋالدىم، كۆڭلۈمدە ئەگەر زادىلا بولمىسا، ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈپ بۇ تاجاۋۇزچىنىڭ كاللىسىغا سالاي دەپ ئويلىدىم.

دەرۋەقە، ئۇ ئەبلەخ قىزنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ، ئەلپازى ناھايىتى يامان ھالدا مەن تەرەپكە قىستاپ كەلدى. ئەمما، ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن چاغدا، يەنە تۇيۇقسىز ئارقىغا داجىدى:

— ۋۇي ئەپەندىم، ئەسلىدە سىز ئىكەنسىزغۇ!

مەن ئۇنىڭغا سەپسىلىپ قاراپ، ئۇنى تونۇدۇم، ئۇ دەل مېنىڭ يېڭى دوستۇم دون خوسى ئىدى.

مانا مۇشۇ چاغدا، مەن ھەقىقەتەن ئەينى چاغدا باش-قىلارنىڭ ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشىگە يول قويغان بولسام بوپتىكەن، دەپ پۇشايمان قىلدىم.

— ھە، ئەسلىدە سىز ئىكەنسىز - دە، قەدىناس دوستۇم! — مەنمۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتىم ھەمدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىزغىنراق بولدۇم، — قاراڭ، بۇ خانقىز ماڭا پال سېلىپ بېرىۋا-تاتتى، بۇ تولىمۇ قىزىقارلىق بىر ئىش ئىكەن، ئەپ-سۇسكى، سىز ئۇنى يېرىم يولدا ئۈزۈپ قويدىڭىز!

— يەنە ئاشۇ ئىشمۇ؟ ھامان بىر كۈنى تۈگىشى-دىغۇ ئۇ، — ئۇ قىزغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ، چىش-لىرىنى غۇچۇرلاتتى.

ئەمما، ئۇ بوھىمىيىلىك قىز ئۇنىڭغا زادىلا پەرۋا قىلمىدى. ئارقىدىن يەنە ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك تىلىدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى، ھەتتا سۆزلىگەنسېرى ھايا-جانلىنىپ كەتتى، كۆزلىرىگە قان تولۇپ، يۈزىنىڭ گۆشلىرى قاتتىق تارتىشىپ لىپىلداپ كەتتى ۋە يەرنى تېپىپ سەكرەپ كەتتى، ئۇنىڭ ئەلپازى ناھايىتى قور-قۇنچلۇق ئىدى.

قارىغاندا، قىز ئەرنى بىرەر ئىشنى قىلىشقا مەج-بۇرلاۋاتقاندەك قىلاتتى، ئەر بولسا ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك بولدۇم. قىز ھە دەپ قولى بىلەن بوينىنى كۆرسىتىپ، نازۇك قولىنى گېلى ئۈستىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا سۇرەتتى.

مەن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىر ئادەمنىڭ بوينى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈمنىڭ سېزىمىم بويىچە ئۇ مېنىڭ بوينۇم ھەققىدە سۆزلەۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

مەن قىلچە چاندۇرماي قاراپ تۇرۇۋەردىم. بوھىمىيىلىك قىز يەنىلا توختىماي سۆزلەيتتى، دون خوسىمۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ جاۋاب بېرەتتى، پوزىتسىيىسى ناھايىتى كەسكىن ئىدى.

ئاخىر بوھىمىيىلىك قىز ئىلاجسىز قالغان بولسا كېرەك، دون خوسىغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بىر ئاپېلسىننى قولىغا ئېلىپ پوستىنى سويۇپ يېيىشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا، دون خوسى ئالدىمغا كېلىپ، بىلىكىمدىن تارتىپ مېنى كوچىغا ئېلىپ چىقتى، بىز ھېچقايسىمىز ئۈندىمىدۇق. 200 قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇ قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئالدىڭىزغا قاراپ مېڭىۋېرسىڭىز، كۆۋرۈككە

چىقىسىز، — دېدى. شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا، ئۇ بۇرۇلۇپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

ئۆزۈم يالغۇز مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىپ، سەل ئوسال بولغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ھەممىدىن يامىنى، تويۇقسىز قولۇمدىكى ھېلىقى سائىتىمنىڭ يوقالغانلىقىنى بايقىدىم.

ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن، ئەتىسى بېرىپ سائەتىمنى قايتۇرۇپ كېلىش ئويىدىمۇ، شەھەر باشلىقىدىن ئادەم ئەۋەتىپ يىتكەن نەرسەمنى تاپتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئويىدىمۇ بولمىدىم.

مەن دومىنىك جەمئىيىتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلارنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى توختىتىپ، دەرھال سېۋىللاغا بېرىش نىيىتىگە كەلدىم.

ئاندالۇتسىيىدە بىرقانچە ئاي ئالدىراش ئىشلىگەندىن كېيىن، مادرىدقا قايتىش نىيىتىگە كەلدىم. قايتىش يولىدا كوردوۋادىن ئۆتمەي بولمايتتى. بۇ نۆۋەت، ئۇ يەردە يەنە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشقا رايىم قالمىغانىدى. چۈنكى، بۇ گۈزەل شەھەر ۋە گۇادالكۋىر دەرياسىدا سۇغا چۆمۈلگۈچى ئاياللاردىن بىزار بولغانىدىم.

ئەمما، بىرقانچە دوستۇمنى يوقلىشىم ۋە يەنە بىرقانچە ئىشنى قىلىپ تۈگىتىشىم كېرەك ئىدى.

شۇڭا، شاھزادىلەرنىڭ بۇ قەدىمىي پايتەختتە يەنىلا 3 ـ 4 كۈن تۇرۇشقا توغرا كەلدى.

مەن دومنىك جەمئىيىتىنىڭ موناستىرىغا كەلدىم، بۇ يەردە بىر پوپ مېنىڭ مىنداگۇ جەڭگاھى خارابىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىمغا بۇرۇندىنلا كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە خۇشاللىق بىلەن:

ــ ئىنشائاللا، سىزنى قارشى ئالىمەن قەدىرلىك دوستۇم. بىز ھەممىمىز تېخى سىزنى بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىمىز. سىزنىڭ روھىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، مېنىڭ «ئىنجىل»نى قايتا ـ قايتىلاپ نەچچە رەت ئوقۇپ چىققانلىقىمنى سىز تېخى ئۇقمايسىز، سىزنىڭ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭىزنى پەقەت خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقماپتىمەن. ئەمما، قاراقچى سىزنى بۇلاپ كەتكەن، بۇنى بىز ھەممىمىز بىلىمىز.

ــ نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ ــ دېدىم مەن ناھايىتى ھەيران بولۇپ.

ــ شۇنداق، بىز بۇنى سىزنىڭ ھېلىقى ۋاقىتتىن سىگنال بېرىدىغان ئېسىل سائىتىڭىزدىن بىلدۇق. ھېلىقى چاغدا، كۈتۈپخانىدا، بىز ھەمىشە سىزنى دىنىي خور ئاڭلاشقا چاقىرغان چاغدا سىز دائىم ئاشۇ سائىتىڭىزنىڭ

كۆنۈپكىسىنى باساتتىڭىز. ھازىر شۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ قېلىڭكى، سىزنىڭ ئۇ سائىتىڭىز تېپىلدى. ئۇلار چوقۇم ئۇنى سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

— سىز، — مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ، سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم، — ئەمما، مەن ئۇنى قەيەردە يو-قىتىپ قويغانلىقىمنى بىلمەيمەن....

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ئەبلەخ ئاللىقاچان تۇتۇلۇپ، تۈرمىگە سولاندى، بۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ، ئۇ مانا مۇ-شۇنداق ئادەم، ئازراق پۇل ئۈچۈن ھەتتا بىر خرىستىئان مۇرىتىغا ئوق چىقىرىپتۇ. شۇڭا، بىز سىزدىن ناھايىتى ئەنسىرىدۇق، ئۇ ئەبلەخ سىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتىمىكىن دەپ قاپتۇق، ياخشى بولدى، ھازىر مەن سىزنى شەھەر باش-لىقى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئېلىپ بارىمەن، ئۇلار سىزنىڭ ھېلىقى ۋاقىتتىن سىگنال بېرىدىغان چىرايلىق سائى-تىڭىزنى سىزگە ئەكەلدۈرۈپ بېرىدۇ. سىز كېيىن ئىسپانىيە ئەدلىيە ئورگانلىرى نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ دەپ يۈرمەڭ يەنە.

— راستىنى ئېيتسام، — دېدىم كۆڭلۈم تازا خالى-مىغان ھالدا پوپقا،— ئاشۇ سائەتنى ئالمىسام ئالمايكى، سوتتا گۇۋاھلىق بېرىشنى، بۇنىڭ بىلەن بىر بىچارە كەمبەغەلنىڭ دارغا ئېسىلىشىنى خالىمايمەن. بولۇپ-مۇ.... چۈنكى....

— ھەي، سىز بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا باش قاتۇرۇپ كەت-مەڭ، ئۇ ئەبلەخنى دارغا ئېسىش ئاللىبۇرۇن بېكىتىلىپ بولغان ئىش. ئۇ ئىككى قېتىم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنمايدۇ ـ دە. ھە توغرا، ئۇ باندىت تېخى بىر كىچىك ئاقسۆڭەك. شۇڭا، ئۇ ئۆگۈنلۈككە دارغا ئېسىلىدۇ. قان-داق، ياخشى بوپتۇمۇ؟ ئۇ بۇلىغان زالىڭ مالىنىڭ بىرەر-سىنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى ئۇنى جازالاشقا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ يالغۇزلا ئوغرىلىق قىلغان بولسا ئىدى، ئۇنداقتا، خۇداغا شۈكرى دېسەك بولاتتى، ئۇ يەنە قاتمۇقات قان قەرزگە بوغۇلغان، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى بىرسى بىرسىدىن قورقۇنچلۇق.

— ئۇ كىم، ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دېدىم مەن.

— بۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، ئىسمى خوسى ناۋارو. ئەمما، ئۇنىڭ يەنە بىر باسكچە ئىسمى بار ئىكەن. ئەمما سىزمۇ، مەنمۇ بۇ ئىسمنى بىلمەيمىز. مېنىڭچە، بۇ ئادەمنى بىر كۆرۈپ باقسىڭىز ئەرزىيدۇ. سىز ھەرقايسى جايلاردىكى ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئاڭلاشقا بەك قىزىقىسىزغۇ! سىز بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۇنى بىر تونۇپ قويۇڭ. ئۇ چاغدا سىز ئىسپانىيىدە بۇزۇق ئەبلەخلەرنىڭ بۇ دۇنيادىن قانداق يوق قىلىنىدى-غانلىقىنى بىلىپ قالىسىز. ئۇ كىچىك چېركاۋغا قاماپ قويۇلغان، مارتىنىسكو پوپ سىزنى باشلاپ بارىدۇ.

بۇ پوپ ماڭا ھە دەپ دەۋەت قىلىۋەرگەچكە، مەنمۇ ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

مەن بىر قاپ سىگارت ئېلىپ ئۇ جىنايەتچىنى كۆرگىلى باردىم. مەن ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا نائىلاج ئۇنى يوقلاپ بارغانلىقىمنى كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

مەن دون خوسى سولانغان جايغا كەلدىم، ئۇ تاماق يەۋاتقان ئىكەن. ئۇ ماڭا سوغۇققىنە قاراپ باش لىڭشىتىپ، ئۇنىڭغا سوۋغا ئېلىپ بارغانلىقىمغا ئەدەپ بىلەن رەھمەت ئېيتتى.

ئۇ سىگارت قېپىنى قولىغا ئېلىپ، ئىچىدىكى سىگارتنى ساناپ كۆرگەندىن كېيىن، بىرقانچە سىگارتنى سۇغۇرۇپ ئالدى، ئاندىن قالغان سىگارتنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئارتۇقى ھاجەتسىز، دېدى.

مەن ئۇنىڭغا ئازراق پۇل خەجلەپ ياكى دوستلىرىمنى ئارىغا سېلىپ، سىزگە بېرىلگەن جازانى يېنىكلىتىشكە ئۇرۇنۇپ باقساق قانداق، دېدىم.

ئۇ ئاۋۋال ئاچچىق كۈلۈپ، مۈرىسىنى چىقىرىپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ يەنە ئەسلىي نىيىتىدىن يېنىپ، ئۇنىڭ روھىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مىسا قىلىشىمنى ئۆتۈندى.

— يەنە، — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن قورۇنغان

ھالدا، — مەن سىزنىڭ يەنە بىر قېتىم مىسا قىلىپ، ئالدىڭىزدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان بىر ئادەم ئۈچۈن بەخت تىلەپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، بولامدۇ؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدىم مەن خۇشاللىق بىلەن، — بىراق، بۇ يەردە ھېچقانداق ئادەم مېنىڭ ئالدىمدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويمىغان.

ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ، ئىنتايىن جىددىي بىر ھالەتتە چىڭ سىقتى.

ئۇ مۇشۇنداق ئۇندىمەي خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن:

— مەن يەنە بىر ئىشتا سىزدىن ياردەم سورىسام بولامدۇ؟.... سىز قايتىش سەپىرىڭىزدە بەلكىم ناۋارودىن ئۆتەرسىز، ھېچبولمىغاندا سىز چوقۇم ۋىكتورىيەدىن ئۆتىسىز، ناۋارو ئۇ يەرگە ئانچە يىراق ئەمەس.

— توغرا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — چوقۇم ۋىكتورىيەدىن ئۆتىمەن، يەنە تېخى پامپلوناغا بېرىشىممۇ مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن سىز ئۈچۈن بۇ يولنى ئارتۇق مېڭىشنى خالايمەن.

—ئۇنداقتا، بەك ياخشى بولىدىغان بولدى! ئەگەر سىز پامپلوناغا بارسىڭىز، ئۇ يەردە سىزنى ئۆزىگە قىزىقتۇرىدىغان نەرسىلەرنى كۆرەلەيسىز... ئۇ ئىنتايىن

گوزەل بىر شەھەر... مەن مېدالىئونىمنى سىزگە بېرەي.

ئۇ شۇنداق دېگەچ، بويىنىدىكى بىر كىچىك كۇمۇش مېدالىئوننى ماڭا كۆرسەتتى.

— بۇنى قەغەزگە ئورىۋېلىڭ....

ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن سەل توختىۋالدى، ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بۇنى بىر مومايغا تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز ياكى بولمىسا ئۇنىڭغا بېرىپ قويۇشنى بىرەرسىگە ھاۋالە قىلسىڭىز، مەن ئۇنىڭ ئادرېسىنى سىزگە ئېيتىپ بې-رەي.... سىز ئۇنىڭغا مېنى ئۆلدى دەڭ، ئەمما، قانداق ئۆلگەنلىكىمنى ئېيتماڭ.

مەن ئۇنىڭ ھەممە تەلىپىگە قوشۇلدۇم.

ئىككىنچى كۈنى مەن يەنە ئۇنى كۆرگىلى بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خېلى ۋاقىت بىللە بولدۇم.

تۆۋەندىكى بۇ پاجىئەلىك ھېكايىنى ئۇ شۇ ۋاقىتتا ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەردى:

مەن ناۋاررا ئۆلكىسىنىڭ ئايسلوندو دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، ئۇ پاستان دەرياسى ۋادىسىدا بولۇپ، پامپلوناغا 45 كىلومېتىرلا كېلىدۇ. ئىسمىم دون خوسى لىزارا-بېنگوئا. ئەپەندىم، سىز ئىسپانىيىنى ناھايىتى ياخشى بىلىسىز، سىز ئىسمىمنى ئاڭلاپلا مېنىڭ باسك مىلـ-لىتىدىن ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالالايسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە

بىز ئەجدادىمىزدىن تارتىپ خرىستىئان مۆرىتى.

ئىسمىمدىكى «دون» سۆزى ئىختىيارىيلا قوشۇپ قويۇلغان سۆز ئەمەس. چۈنكى، مەن ئاقسۆڭەك، مەن بۇ سۆزنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەگەر ئايسلوندودا بولىدىغان بولسام، مەن سىزگە جەمەت نەسەبنامىمىزنى كۆرسىتىپ قويغان بولاتتىم، ئۇ دىگەن تېرە قەغەزگە يېزىلغان نەسەبنامە. كىچىك ۋاقتىمدا، ئائىلەمدىكىلەر ھەممىسى مېنىڭ كەلگۈسىدە دىنىي خادىم بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىپ، مېنى مەكتەپتە ئوقۇتقان. ئەمما، مېنىڭ ئوقۇشقا رايىم بارمايتتى. مەن چويلا توپ ئويناشقا بەك ئامراق ئىدىم، دەل ئاشۇ نەرسە مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمنى نابۇت قىلدى.

ناۋاررالىقلار چويلا توپ ئويناپدىغان بولسا، ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. بىر كۈنى مەن توپ ئويناپ ئۇتۇۋالدىم، مېنىڭ رەقىبىم، ئاراۋالىق يىگىت مەن بىلەن ئۇرۇشتى، ئاخىر بېرىپ تۆمۈر كالتەكلەرنى ئىشقا سېلىشقىچە بېرىپ يەتتۇق. بۇ نۆۋەت مەن يەنە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتىم. ئەمما، بۇنىڭ بىلەن ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

يولدا مەن ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئالمانسا ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىغا قاتناشتىم. بىز تاغلىقلار ئۇرۇش قىلىش ۋە ئەلەم ماھارىتىنى ناھايىتى

تېز ئۆگىنىۋالالايمىز. شۇڭا، ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن مە-
لادشى سېرژانتلىققا ئۆستۈرۈلدۈم، باشلىقلىرىم يەنە
تېخى مېنى سېرژانتلىققا ئۆستۈرۈشكە ۋەدە بەردى.

ئەمما، بۇ چاغدا مېنى نەس باستى. باشلىقلار مېنى
سېۋىلىيە تاماكا زاۋۇتىغا قاراۋۇللۇققا ئەۋەتتى.

ئەگەر سىز بۇ قېتىم سېۋىلىيىگە بارسىڭىز، ئۇ
زاۋۇتنى كۆرىسىز، ئۇ زاۋۇت شەھەر سېپىلىنىڭ تېشىدا
گۇادالكۋىر دەرياسى بويىدا، هازىر خۇددى يەنە زاۋۇتنىڭ
دەرۋازىسى ۋە دەرۋازا يېنىدىكى قاراۋۇلخانىنى كۆرگەندەك
بولۇۋاتىمەن.

ئىسپانلار نۆۋەتچىلىك قىلغاندا يا قارتا ئوينايدۇ، يا
بولمىسا ئۇخلاپ قالىدۇ، ئەمما، مەن بىر ياۋاش، سەمە-
مىي ناۋاررالىقنىڭ هەمىشە زادىلا ئىشىم تۈگىمەيتتى.

بىر كۈنى مەن مىلتىقنى ئېسىپ قويۇشقا ئىش-
لىتىش ئۈچۈن بىر تال مىس سىم بىلەن زەنجىر يا-
ساۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز هەمراھلىرىم:

— قوڭغۇراق چېلىندى، ئاياللار ئەمدى ئىشقا كې-
لىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەپەندىم، سىز بەلكىم بىلمەيدىغانسىز، بۇ تاماكا
زاۋۇتىدا 4 ـ 5 يۈز ئايال ئىشچى بار ئىدى. ئۇلار ناھا-
يىتى چوڭ بىر زالدا سىگارت يۆگەيتتى. ئەرلەر ئەگەر
24 ـ نومۇرلۇق رۇخسەت كىنىشكىسى بولمىسا، ئۇ

يەرگە خالىغانچە كىرەلمەيتتى، چۈنكى، زاۋۇتتىكى ئا-ياللار بەكمۇ ئەركىن كىيىنەتتى، بولۇپمۇ ھاۋا ئىسسىق چاغلاردا ياش ئايال ئىشچىلار بەكمۇ نېپىز كىيىملەرنى كىينىشەتتى.

ئايال ئىشچىلار كەچلىك تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ، زاۋۇتقا قايتقان چاغدا، نۇرغۇن ياشلار مەخسۇس ئۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن باراتتى، شۇنىڭدەك ھەر تۈرلۈك شە-كىللەر بىلەن ئۇلارغا چاقچاق قىلىشاتتى. مەسىلەن، بەزىلەر بىرەر يىپەك ياغلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلاتتى، پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى قىزلارلا ئۇلارنىڭ سوۋغىسىنى رەت قىلاتتى. بەزى شەھۋەتپەرەس يىگىتلەر بولسا ھەمىشە ئۆز مەقسىتىگە يېتەتتى.

باشقىلار ئۇ يەردە ئۇياق - بۇياققا قارىغىلى تۇرغاندا، مەن ياۋاشلىق بىلەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ دەرۋازا باقات-تىم.

ئۇ چاغدا مەن تېخى ياش ئىدىم، ھەمىشە ئۆيىنى سېغىناتتىم، مەن بىزنىڭ ناۋاررا قىزلىرىدىن باشقا چىرايلىق قىزلارنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ھەقىقەتەن ئاندالۇتسىيە قىزلىرىدىن قورقاتتىم. مەن تېخى ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىگە كۆنۈپ كې-تەلمىگەنىدىم. ئۇلار ھەمىشە چاقچاق قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئاغزىدىن ھەرگىز دۇرۇس گەپ چىقمايتتى.

مەن پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ھېلىقى زەنجىرنى يا-
ساۋاتاتتىم، بۇ چاغدا بەزى بىمەنە كىشىلەرنىڭ «گىلدانا
كەلدى» دەپ ۋارقىراشقان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ
قالدى.

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. بۇ جۈمە
كۈنى ئىدى، بۇ كۈننى مەن ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن. ئۇ
قىز كارمېن ئىدى، سىز ئۇنى كۆرگەن، يەنە بىرقانچە
ئاينىڭ ئالدىدا، ئۇ ئۆز ئۆيىدە سىزگە پال سېلىپ بې-
رىۋاتقان چاغدا، مەن سىز بىلەن ئىككىنچى قېتىم
ئۇچرىشىپ قالغانىدىم.

ئۇ كۈنى، ئۇ ناھايىتى قىسقا قىزىل يوپكا كىيى-
ۋالغان بولۇپ، ئاق نېپىز پايپىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى،
پايپىقىدا بىرقانچە تۆشۈك بار ئىدى. پۇتىغا قىزىل
رەڭلىك چاققان ماراكەش ئايىغى كىيگەن، ئايىغىنىڭ
بوغقۇچىمۇ قىپقىزىل ئىدى.

ئۇ غەرەزلىك ھالدا يېپىنچىسىنىڭ ئالدىنى ئېچى-
ۋەتكەن بولۇپ، ئىككى مۈرىسى ۋە كۆڭلىكىنىڭ ئۈس-
تىگە چۈشۈرۈلگەن سېرىق ئاكاتسىيە گۈلى كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. ئۇ ئاغزىغىمۇ بىر تال گۈل چىشلىۋالغانىدى.
ئۇ بەئەينى كوردوۋا بايتىلىدەك كاسىسىنى تولغاپ كې-
لىۋاتاتتى.

مېنىڭ يۇرتۇم ناۋاررادا ئەگەر بىرەر ئايال مۇشۇنداق

ياسىنىدىغان بولسا، كىشىلەر غەزەپتىن پېشانىسىگە كىرپىست بەلگىسىنى سىزماي قويمايتتى. ئەمما، بۇ يەردە، سېۋىلىيىدە كىشىلەر ئەكسىچە ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشاتتى. ئۇچۇ، بىرەر كىم ئۇنىڭغا گەپ قىلسا جاۋابسىز قويمايتتى، يەنە تېخى كۆزىنى قىسىپ، قاشلىرىنى ئوينىتاتتى، ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ، مۈشتۇمىنى سىلكىپ قوياتتى، قىياپىتىدىن يۈزسىزلىك، نومۇسسىزلىقى چىقىپ تۇراتتى.

دەسلەپتە، مەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلىپ كەتمىدىم. شۇڭا، يەنىلا ئېگىشىپ ئىشىمنى قىلىۋەردىم. ئەمما، ئۇ ئاياللار بەئەينى مۈشۈكتەك، چاقىرساڭ كەلگىلى ئۇنىمايتتى، چاقىرمىغان ۋاقتىڭدا قېرىشقاندەك كېلىۋالاتتى.

ئۇ قىز مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەندە توختاپ، ماڭا:

— ھوي يىگىت، ئاشۇ زەنجىرىڭىزنى ماڭا بېرىۋەتسىڭىز قانداق، ئۇنىڭغا بىخەتەر چامادانىمنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆتكۈزۈۋالاي، — دېدى ئۇ ئاندالۇتسىيىلىكلەرنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن.

— مەن ئۇنى يىڭنەمنىڭ تۆشۈكىگە ئۆتكۈزۈۋالاي دېگەنىدىم.

— يىڭنەمنىڭ! — ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ئوھوي ئەپەندىم، ئەسلىدە سىز چىلتەك توقۇيدىكەنسىز — دە! شۇڭا، يىڭنە ئىشلىتىشىڭىز ھەيران قالارلىق ئىش

ئەمەس ئىكەن.

ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پاراقىدە كۈلۈشتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈزۈم ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئەمما، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرغۇدەك بىر ئېغىز گەپ تاپالمىدىم.

— بولدى، قوزام، ماڭا ياغلىق قىلىدىغانغا يەتتە گەز قاراچىلتەك تاللىشىپ بېرىڭچۇ، قانداق؟ — دېدى يەنە.

ئۇ ئاغزىدا چىشلىۋالغان گۈلنى ئېلىپ، سىلكىپ بىرلا ئېتىۋىدى، دەل كېلىپ قوشۇمامغا تەگدى.

ئەپەندىم، سىز مۇنداق ئىشقا ئۇچراپ باقمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەينى چاغدا مەن خۇددى ئوق تەگكەندەك بولۇپ كەتتىم....

مەن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي، خۇددى ھەيكەلدەك ئۇ يەردە قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. تاكى ئۇ زاۋۇت ئىچىگە كىرىپ كەتكەندىلا، مەن ئاندىن ھېلىقى گۈلنىڭ يەرگە، دەل ئىككى پۇتۇمنىڭ ئارىسىغا چۈشكەنلىكىنى كۆردۈم.

شۇ چاغدا، كاللامغا نېمە ئويلار كەلدىكىن، بىلمىدىم، ئاستالا ھېلىقى گۈلنى ئېلىپ، خۇددى قىممەتلىك بىرنەرسىدەك ئۇنى قوينۇمغا سېلىۋالدىم، ياخشى بىرەرسى

كۆرۈپ قالمىدى.

بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم قىلغان ئەخمەقلىقىم ئىدى.

ئارىدىن 2 ـ 3 سائەت ئۆتكەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا شۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇراتتىم.

بىردىنلا بىر دەرۋازىۋەن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن، ئا-لاقزادە بولغان ھالدا قاراۋۇلخانىغا يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە:

ـــ زاۋۇتتىكى چوڭ زالدا بىرسى بىر ئايال ئىش-چىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، بىر قاراۋۇل ئەۋەتسۇن دەي-دۇ، ـــ دېدى.

سېرژانت مېنى ئىككى ئەسكەرنى ئېلىپ بېرىپ باق، دېدى. مەن ئىككى ئەسكەرنى ئېلىپ زاۋۇتقا كىر-دىم.

مەن بۇنى ئېيتمىساممۇ سىز پەرەز قىلالايسىز، ئەپەندىم، مەن چوڭ زالغا كىرىشىمگىلا كۆڭلەك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە كىيگەن 300 دەك ئايال ئىش-چىنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىرىشىۋاتقانلىقىنى، پۇت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، غوۋغا كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەگەر شۇ چاغدا چاقماق چاققان تەقدىردىمۇ بۇ ۋاڭ ـ چۇڭدا ئاڭلىغىلى بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

چوڭ زالدىكى پولدا بىر ئايال ئىشچى ئوڭدىسىغا ياتاتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈستىۋېشى قان بولۇپ، يۈزى ئىككى يەردىن تىلىۋېتىلگەن، يارا «X» شەكلىدە ئىدى،

بىرقانچە ياخشى نىيەتلىك ئايال ئىشچى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۇنى قوتقۇزۇشقا ياردەملىشىۋاتاتتى.

يارىلانغان ئايال ئىشچىنىڭ يېنىدا بىرقانچە ئايال ئىشچى ھېلىقى كارمېن ئىسىملىك قىزغا چىڭ ئې-سىلىۋالغانىدى.

— مەن ئۆلۈپ بېرىمەن، مەن ئۆلۈپ بېرىمەن! — ھېلىقى يارىلانغان ئايال ئىشچى ھە دەپ ۋارقىرايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان كارمېن ئۈندىمەي، چىش-لىرىنى غۇچۇرلىتىپ، كۆزلىرىنى خۇددى كەسلەنچۈك-نىڭ كۆزلىرىدەك پىلدىرلىتاتتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ئايال ئىشچىلار تەرەپ - تەرەپتىن چۇرقىرىشاتتى، مەن خېلى تەستە ئاندىن بۇ ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى ئۇقالىدىم.

ئەسلىدە، بايا ھېلىقى يارىلانغان ئايال ئىشچى ماخ-تىنىپ:

— يانچۇقۇمدا كۆپ پۇلۇم بار، ئۇ پۇل تىرىيانا با-زىرىغا بېرىپ بىر ئېشەك سېتىۋېلىشقا تامامەن يېتە-دۇ، — دېگەن ئىكەن.

— ھەي، سېنىڭ بىر سۈپۈرگەڭ بارغۇ، شۇ يەت-مىدىمۇ؟ — دەپتۇ ئۇ يەردە تۇرغان كارمېن.

ياۋروپا ئەپسانىلىرىدە پەقەت جادۇگەرلەرلا كېچىدە

سۇپۇرگىگە مىنىپ ئۇچالايتتى.

ھېلىقى ماختانغان ئايال ئىشچى مۇنداق قاتتىق مەسخىرىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۇ ئەلەمگە چىدىماي ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرۇپ، تەنە بىلەن:

— ئەمما، ئۇنداق سۇپۇرگە نېسىپ بولماپتىكەن، چۈنكى، تەلىيىم بولمىغاچ بىر بوھمىيىلىك بولالماي قالغان ئىكەنمەن، شەيتاننىڭ مۇرىتى بولۇش شان - شەرىپىگىمۇ مۇيەسسەر بولالمىغان ئىكەنمەن. ئەمما، بۇ كارمېن خان قىز ھازىرلا ئۆزىنىڭ ئېشىكى بىلەن كۆرۈشىدىغان بولدى. شەھەر باشلىقى ئۇنى كوچىدا سا-زايى قىلدۇرماقچى، يەنە تېخى ئىككى چاكار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىۋىنلىرىنى قورۇپ ماڭماقچى، — دەپتۇ.

قەدىمكى ئىسپانىيىدە، كىشىلەر جادۇگەرلەر ياكى بۇزۇق ئاياللارنى ئېشەككە مىندۇرۇپ، كوچىدا سازايى قىلاتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئىككى قاراۋۇل قولىغا قامچا ئېلىپ، توختىماستىن ئۇنى ئۇرۇپ ماڭاتتى، بۇ ھەرىكەت بەئەينى چىۋىن قورۇغانغا ئوخشايتتى.

— ھە، ئەمدى مېنىڭ كارامىتىمنى كۆر! — مەن ئاۋۋال يۇزۇڭنى تىلىپ ئاشۇ چىۋىنلەرگە ئىچىشكە سۇ تېپىپ بېرىمەن. يۇزۇڭنى تىلىپ گۈل چىقىرىپ قو-يىمەن، — دەپتۇ ھاقارەتلەنگەن كارمېن.

كارمېن شۇنداق دېگەچ، راستىنلا قولىغا سىگارت

توغرايدىغان پىچاقنى ئېلىپ، شارت ـ شۇرت قىلىپ ھېلىقى ئايال ئىشچىنىڭ يۈزىگە بىرقانچە كرېست بەلگىسىنى چىقىرىپ قويۇپتۇ.

دېلو ئاخىر ئېنىقلاندى. مەن كارمېننىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ناھايىتى ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭغا:

— خان قىز، مەن بىلەن مېڭىڭ، — دېدىم.

ئۇ ماڭا قاراپ قويدى، مەن ئۇنىڭ ئېسىدە بولسام كېرەك، ئىلاجسىز ھالدا:

— ماڭسام ماڭدىم، ياغلىقىم نەگە كەتكەندۇ؟ — دېدى.

ئۇ ياغلىقىنى تېپىپ، بىر كۆزىنىلا ئوچۇق قويۇپ، بېشىنى ئورىدى، ئاندىن خۇددى قويدەك ياۋاشلىق بىلەن مەن ۋە ئىككى قاراۋۇلنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

قاراۋۇلخانىغا بارغاندىن كېيىن، سېرژانت:

— بۇ ناھايىتى ئېغىر ۋەقە ئىكەن، ئۇنى تۈرمىگە ئاپىرىپ بېرىش كېرەك، — دېدى. نەتىجىدە، بۇ ئالۋان يەنە مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشتى.

مەن ئىككى ئاتلىق ئەسكەرگە كارمېننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ مېڭىشنى بۇيرۇپ، ئۆزۈم ئارقىدا ماڭدىم. چۈنكى، مۇنداق ئەھۋالدا ھەمىشە باشلىق بولغان ئادەم ئارقىدىن نازارەت قىلىپ ماڭاتتى.

بىز شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق. دەسلەپتە بۇ

بوھەمىيىلىك قىز خېلى ياۋاشلىق بىلەن جىم ماڭغا-نىدى. ئەمما. ئاشۇ ئەگرى- بۈگرى تار كوچىغا كىرىپلا، ئۇ مۇتتەھەملىك قىلغىلى تۇردى.

دەسلەپتە، ئۇ بېشىنى ئورىۋالغان ياغلىقنى تارتىپ مۇرىسىگە چۈشۈرۈۋالدى ھەمدە ماڭا كۆرسىتىش ئۈچۈن، قەستەن ئۆزىنىڭ كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان چىرايلىق يۈزىنى ئېچىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھە دەپ بەللىرىنى، كاسىسىنى ئويىنىتىپ:

— باشلىق، مېنى نەگە ئاپارماقچىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— تۈرمىگە ئاپىرىمەن، — دېدىم ئىمكانىيەتنىڭ با-رىچە سىلىق قىلىپ.

— ھە، ئەمدى تۇگىشىدىكەنمەن- دە! مەن ئۇ نەس باسقان جايدا نېمە بولۇپ كېتەرمەن- ھە! باشلىق غو-جام، ماڭا رەھىمىڭىز كەلسۇن. قارالڭ، سىز شۇنچە ياش، شۇنچە كېلىشكەن تۇرسىڭىز... — ئۇ قەستەن ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — مېنى قويىۋېتىڭ، بولامدۇ؟ مەن سىزگە بىر سېھىرلىك تاش بېرىمەن، سىز ئۇنىڭغا ئىگە بول-سىڭىز، ھەممە قىزلار سىزنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ! — دېدى.

مەن ئۇ دەۋاتقان سېھىرلىك تاشنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر ماگنىت تاش ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، بوھەمىيىلىكلەر

ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالمىغانلا بولسا، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ۋەسۋەسىلەرنى پەيدا قىلالايتتى. مەسىلەن، ئەگەر ئۇنى ئېزىپ قىزىل هاراقتا سېلىپ، سەن ياخشى كۆرىدىغان بىر قىزغا ئىچۈرۈۋەتسەڭ، ئۇ سېنىڭ تەلىپىڭنى رەت قىلالمايدىكەن.

ئەمما، مېنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېرىشكە ۋاقتىم يوق ئىدى. مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جىددىي تۇردە:

— قۇرۇق گەپلىرىڭىزنى قويۇڭ، مەن سىزنى تۇرمىگە ئاپىرىپ بېرىمەن، بۇ دېگەن بۇيرۇق، بۇنىڭغا باشقا چارە يوق، — دېدىم.

بىز باسكلارنىڭ ئالاھىدە بىر خىل تەلەپپۇزى بار بولۇپ، ئىسپانلار بۇنى بىر ئاڭلاپلا بىلىۋالاتتى. ئەمما، ئىسپانلار بىز باسكلارنىڭ بۇنداق تەلەپپۇزىنى زادىلا ئۆگىنەلمەيتتى. شۇڭا، كارمېن مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپلا مېنىڭ باشقا ئۆلكىلىك ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالدى.

ئەپەندىم، سىز بىلىسىز، بۇ بوھېمىيلىكلەرنىڭ ۋەتىنى يوق، ئۇلار ھەر يەر - ھەر يەرلەردە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ، ھەرقانداق تىلدا سۆزلىشەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى پورتۇگالىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيىنىڭ چەت ئۆلكىلىرى، كاتالۇنالارغا تارقالغان. مەن نەزەربەند قىلىپ كېتىۋاتقان بۇ بوھېمىيلىك

قىزمۇ باسك تىلىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيتتى.

— جان ـ جىگىرىم، قوزام، — كارمېن بىردىنلا ماڭا باسك تىلىدا سۆزلەشكە باشلىدى، — بىز ئىككىمىز يۇرتداش ئىكەنمىزغۇ؟

يۇرتىمىزنىڭ تىلى ھەقىقەتەن بەكمۇ يېقىملىق ئىدى، ئەپەندىم، ئەگەر مەن ياقا يۇرتتا يۇرتىمىزنىڭ تىلىنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، ھاياجاندىن سۆيۈنۈپ تىترەپ كېتىمەن.....

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە دارغا ئېسىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ باندىت ئالاھىدە ئاۋازىنى پەسەيتىپ، ئۆلۈم ئالدىدا باشقا ئۆلكىلىك بىر پوپنىڭ ئۆزىنىڭ توۋا ـ ئىستىغپارىنى ئاڭلىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— مەن ئايسلوندودىن، — دېدىم مەن باسك تىلى بىلەن، — سۆزلىرىمدىن ھاياجانلانغانلىقىم چىقىپ تۇراتتى.

— مەن ئېچالاردىن، — دېدى كارمېن دەرھال.

مەن ئۇ يەرنى بىلەتتىم، ئۇ يەر مېنىڭ يۇرتۇمغا پەقەت تۆت سائەتلىكلا يول ئىدى.

كارمېن ئارقىدىنلا:

— مېنى بوھېمىيلىكلەر ئالداپ سېۋىلىيىگە ئېلىپ كەلگەن، مېنىڭ بۇ تاماكا زاۋۇتىدا ئىشلىشىمدىكى

مەقسىتىم يول كىراسىغا ئازراق پۇل غەملەپ، ناۋارراغا كېتىش، بىچارە ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش. ئۇنىڭ مېنىڭدىن باشقا ھېچقانداق تايانچى يوق. بىزنىڭ پەقەت كىچىككىنە بېغىمىز بار، باغدا 20 نەچچە تۈپ ئالما بار، مېۋىسىدىن ھاراق چىقىرىلىدۇ. ھەي، ئەگەر ھازىر يۇرتۇمغا قايتىپ بارالىغان بولسام، قارلىق تاغ باغرىدىكى ئۆيىمىزدە تۇرالىغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! بىلەمسىز، ئۇلارنىڭ مېنى تىللاپ ـ ھاقارەتلىشىدىكى سەۋەب مېنىڭ بۇ يەرلىك بولمىغانلىقىمىدىن، مېنىڭ بۇ سېسىق ئاپىلسىن ساتىدىغان ئېلىپ ـ ساتارلار، ئالدامچىلارنىڭ خىلى بولمىغانلىقىمدىن بولغان. بۇ رەسۋا جالاپلارنىڭ ھەممىسى ماڭا دۈشمەنلىك قىلىدۇ. مەن بۇ سېۋىلىيىلىك پوچىلارغا:

— سەنلەر ھەممىڭ قولۇڭغا پىچاق ئېلىپ كېلىشسەڭمۇ، ئەمما يۇرتىمىزدىكى كەپكە كىيگەن، قولىغا تاياق ئالغان ھەر قانداق بىر يىگىتكە تەڭ كېلەلمەيسەن، — دېگەن ئىدىم. يۇرتدىشىم، دوستۇم، ئۆز يۇرتلىقىڭىزغا ياردەم بېرەلمەمسىز؟

ئەپەندىم، ئۇ يالغان ئېيتىۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم. مەن بۇ قىزنىڭ ئۆمرىدە زادىلا راست گەپ قىلىپ باقمىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئەمما، نېمە بولىدىكىن، ئۇ نېمىلا دېمىسۇن،

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندىم، بۇنىڭدىن ھەتتا ئۇ-زۇمۇ ھەيران قالدىم.

گەرچە ئۇنىڭ باسك تىلىنى قاملاشتۇرۇپ سۆزلە-يەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭ ناۋارراللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرى، ئاغزى، رەڭگىرويىدىن بوھىمە-يىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەمما، مەن بۇلارنى كۆرمەسكە سېلىۋالدىم.

مەن شۇ چاغدا ھەقىقەتەن سارالڭ بولغان بولسام كېرەك. كاللامدا پەقەت ئەگەر قايسىبىر ئىسپان يۇر-تۇمنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭ يۈزىنى خۇددى بۇ قىز ئۆز ھەمراھىنىڭ يۈزىنى تىلى-ۋەتكەندەك تىلىۋېتەتتىم، دېگەننىلا ئويلايتتىم.

قىسقىسى، مەن خۇددى بىر مەستتەك جۆيلۈشكە باشلىغان، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا ئازلا قالغانىدىم.

— ئەگەر مەن سىزنى كوچەپ بىر ئىتتىرسەم، يۇرتلۇقۇم، ئەگەر سىز يىقىلىپ چۈشسىڭىز، — ئۇ يەنە باسك تىلىدا مېنى ئازدۇرۇشقا باشلىدى، — سىزنىڭ بۇ ئىككى ئەسكىرىڭىز مېنى تۇتۇۋېلىشنى خام خىيال قىلمىسۇن....

يا پەرۋەردىگار، شۇ چاغدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، مەن ھەتتا بۇيرۇق ۋە ھەممە ئىشنى

كاللامدىن يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈپ تاشلاپتىمەن. مەن ئۇنىڭغا:

— بوپتۇ، يۇرتلۇقۇم، دوستۇم، ئەمىسە ھەممىنى ئۆزىڭىزنىڭ تەلىيىدىن كۆرۈڭ، — دېدىم.

بۇ چاغدا بىز دەل بىر تار كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ قالغان ئىدۇق، بۇنداق تار كوچىلار سېۋىلىيىدە ناھايىتى كۆپ ئىدى. تۇيۇقسىز، كارمېن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا كۆكرىكىمگە قارىتىپ بىر مۇشت سالدى، مەن بولسام قەستەنگە تىك موللاق چۈشتۇم.

كارمېن كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقۇچە بىرلا سەكرەپ ئۈستۈمدىن ئاتلاپ ئۆتۈپلا يۈگۈرۈپ قاچتى.

مەن يەردە يېتىپ ئۇنىڭ پاقالچىقىنىلا كۆردۈم. كىشىلەر ھەممىسى باسكلارنىڭ پاقالچىقى ناھايىتى چىرايلىق دېيىشىدۇ، ئۇنىڭ پاقالچىقى قىلچە نۇقسان- سىز، تولىمۇ چىرايلىق ئىدى، ئۇ ناھايىتى تېز يۈگۈ- رەيتتى.

مەن دەرھال يەردىن قوپۇپ ئولتۇردۇم، قائىدە بويىچە دەرھال تۇرۇپ كارمېننى قوغلىشىم كېرەك ئىدى. ئەم- ما، نېمە بولدىكىن، مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرماي، ئۇزۇن مىلتىقنى توغرىسىغا تۇتۇپ كوچا ئاغزىدا قىمىر- لىماي ئولتۇرۇپ قالدىم، ئىككى ھەمراھىمنىڭ يولى- نىمۇ توسۇۋالدىم.

بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، مەن ئاندىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدىم، ئىككى ھەمراھىمىمۇ ماڭا ئەگىشىپ قوغلاپ ماڭدى. ئەمما، پۇتىمىزدا ئېغىر ئۆتۈك، بېلىمىزدە قىلىچ، قولىمىزدا ئۇزۇن مىلتىق تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە نۇرغۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن تۇرساق، ئۇنى قانداقمۇ قوغلاپ يېتەلەيتتۇق؟!

مەن سىزگە مۇشۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپنى قىلـ-غانچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەي قالدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ مەھەللىدىكى مومايلار، جۇۋانلار، چوكانلار ئۆزلۈكىدىن ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، بىزگە خاتا يول كۆرسىتىپ، بىزنى ئەخمەق قىلدى، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بىزنى بە-كارغىلا ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرتتى.

بىز ئاخىر قېچىپ كەتكەن كارمېننى تۇتالماي، تۇرمە باشلىقىنىڭ تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتىنىمۇ ئالال-ماي، قۇرۇق قول ھالدا زاۋۇتنىڭ قاراۋۇلخانىسىغا قاي-تىپ كەلدۇق.

مەن بىلەن بىللە بارغان ئىككى ئەسكەر جازالىـ-نىشتىن قورقۇپ، كارمېننىڭ مەن بىلەن باسك تىلىدا سۆزلەشكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ، ئاشۇنداق بىر ئاجىز قىزنىڭ بىر مۇشتى بىلەن مەندەك بىر قاۋۇل ئەزىمەتنىڭ

تىك موللاق ئېتىپ چۈشكەنلىكى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ، دېيىشتى.

نېمىلا دېيىلمىسۇن، ئىشقىلىپ، بۇ ئالامەتلەر مې-نىڭ ھەرىكىتىمنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىش-نىڭ ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ۋەزىپەمدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، بىر ئايلىق قاماققا ئېلىندىم. بۇ مېنىڭ ھەربىي خىز-مەت ئۆتىگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم جازالىنىشىم ئى-دى. يېقىندا قولۇمغا كېلىدۇ دەپ ئويلىغان سېرژانتلىق ئەمەلىممۇ ئەمدى كەلمەسكە كەتكەنىدى.

تۈرمىدىكى دەسلەپكى بىرقانچە كۈننى خۇددى بىر يىلدەك تەستە ئۆتكۈزدۈم. ئەسكەر بولغان ۋاقتىمدا ھېچبولمىغاندا ئوفىتسېر بولىمەنغۇ دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭ يۇرتداشلىرىمدىن لونگا، مىنا گېنېرال بولغان، چاپاران كاررا گېنېرال پولكوۋنىك بولغان، مەن ئۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم چويلا توپ ئوينىغانىدىم، ئۇنىڭ ئۇكىسى ماڭا ئوخشاشلا نامراتلاردىن ئىدى.

ئەمدى مەن ئۆزۈمگە ئىلگىرىكى تىرىشچانلىقلى-رىمنىڭ نېمە كېرىكى قالدى، ھەممىسى بىكارغا كەتتى. ئەمدى مېنىڭ خاتالىقىم ئارخىپقا چۈشتى. ئەمدى باش-لىقىمنىڭ نەزەرىدە ياخشى تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن

ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ ئىرىشىشىم كېرەك، ئەڭ ئاز دېگەندە نەچچە ھەسسىلەپ بەدەل تۆلىشىم كېرەك بولىدۇ، دېدىم.

ئەمما، مەن زادى نېمە ئۈچۈن بۇ جازاغا ئۇچرىدىم؟ بۇ مېنى ئەخمەق قىلغان ھېلىقى بوھىمىيىلىك جالاپ ئۈچۈنمۇ؟ مۇشۇ ۋاقىتتا، ئۇ، شەھەرنىڭ قايسىبىر بۇلۇڭىدا ئوغرىلىق قىلىۋاتامدۇ تېخى، كىم بىلىدۇ!

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنى سېغىنىپ، ئۆزۈمنى باسالماي قېلىۋاتاتتىم. سىز بەلكىم ئىشەنمەيسىز ئەپەندىم، ئۇ قىز ئۇستۇمدىن ئاتلاپ كېتىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ نېپىز پايپىقىنىڭ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم، بۇ ھازىرغىچە ئېسىمدە. مەن تۈرمىدە كامىرنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىق دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاياللار ئىچىدە ئاشۇ شەيتان ئايالغا تەڭ كېلەلەيدىغانلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قاراپ باقتىم.

مەن يەنە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ ماڭا ئاتقان ھېلىقى سېرىق ئاكاتسىيە گۈلىنى پۇرايتتىم. گەرچە بۇ گۈل ھازىر قۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ پۇرىقى يەنىلا خۇددى ئەسلىدىكىدەكلا تۇراتتى....

مەن ئەگەر بۇ دۇنيادا راستتىنلا جىن ـ شەيتان بولىدىغان بولسا، ئاشۇ كارمېن ئۇلارنىڭ بىرىمىكىن، دەپ

ئويلايتتىم.

بىر كۈنى، گۈندىپاي كېلىپ ماڭا بىر چوڭ بولكا بەردى.

— ئاله، — دېدى گۈندىپاي، — نەۋرە سىڭلىڭ ساڭا ئەكەپتۇ.

بولكىنى ئېلىپ ناھايىتى ھەيران بولدۇم، چۈنكى، بۇ سېۋىلىيىدە مېنىڭ زادىلا بىرەر نەۋرە سىڭلىم يوق ئىدى.

— بەلكىم خاتالىشىپ ماڭا بېرىلىپ قالغاندۇ، — دېدىم بولكىغا قاراپ ئويلىنىپ تۇرۇپ.

ئەمما، بولكىنىڭ مەززىلىك پۇرىقىدىن ئاغزىمغا سېرىقسۇ كېلىپ كەتتى، ئۇنىڭ نەدىن، كىمگە ئەۋەتىلگەنلىكى بىلەن نېمە كارىم، يەپ بولغاندا بىر گەپ بولمامدۇ، دەپ ئويلىدىم.

بولكىنى كەسكەن ۋاقتىمدا بىردىنلا پىچاقنىڭ قاتتىق بىرنەرسىگە تەگكەنلىكىنى سەزدىم. بولكىنىڭ كېسىلگەن يېرىگە سىنچىلاپ قارىسام، ئەسلىدە ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن بىر كىچىك ئېكەك بار ئىكەن. ئېنىقكى، بۇ ئېكەك بولكا پىشۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال خېمىر ئىچىگە سېلىۋېتىلگەنىدى. مەن بولكىنى يەنە ئىنچىكىلەپ تەكشۈردۇم، بولكا ئىچىدە يەنە ئىككى پىزىتالىق بىر تىللا بار ئىدى.

ئەمدى ئاخىر چۈشەندىم. بۇ چوقۇم كارمېن ئەۋەت-كەن سوۋغات ئىدى. بوھېمىيىلىكلەر ئۇچۇن ئەركىنلىك ھەممە ئىدى، ئۇلار تۈرمىدە بىر كۈن ئاز يېتىش ئۈچۈن، ھەتتا بىرەر شەھەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشتىن يانمايتتى.

قارىغاندا، بۇ جادۇگەر قىز ناھايىتى ئەقىللىق ئى-كەن، ئۇ بىر بولكا بىلەن گۇندىپاينى ئالداپ كېتىپتۇ.

چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز ئىدىكى، ئەگەر مەن خالى-ساملا، بىر سائەت ئىچىدە بۇ كىچىك ئېكەك بىلەن تۈرمە روجىكىنىڭ رېشاتكىسىنى كېسىپ ئۈزۈۋېتە-لەيتتىم. تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، خالىغان بىر كونا كىيىم - كېچەك دۇكىنىغا بېرىپ، ھېلىقى بىر تىللا بىلەن ئۇستۇمدىكى ھەربىي كىيىمنى باشقا كىيىمگە ئالماشتۇرۇۋالالايتتىم. بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشىم ئوڭۇشلۇق بولاتتى.

دەرۋەقە، مەندەك تىك قىيالاردىكى قۇش ئۇۋىسىغا چىقىپ تۇخۇم، قۇش باللىرى ئالالايدىغان بىر ئەر-كەكنىڭ شۇنچە ئېگىز روجەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ قېچىپ كېتىشىم ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

ئەمما، مەن قېچىپ كېتىشنى خالىمايتتىم. مەندە يەنىلا بىر ھەربىيلىك شان - شەرەپ تۇيغۇسى بار ئىدى. مېنىڭچە، بىر قاچقۇن بولۇش نومۇسلۇق ئىش ئىدى.

بىراق، مەن باشقىلارنىڭ ماڭا قىلغان دوستانىلە-قىدىن ناھايىتى تەسىرلەندىم، شۇغىنىسى، ئاشۇ تىللا مېنى خاپا قىلىپ قويدى. مېنىڭ ھازىرلا ئۇنى ئىگە-سىگە قايتۇرۇپ بەرگۈم كېلىپ كەتتى. ئەمما ھازىر مەن ئۇنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەپ تېپىشقا چارىسىز ئىدىم. بۇ ئىش مېنى ناھايىتى قىيىنىدى.

ئاران دېگەندە جازا مۇددىتىمنى توشقۇزغاندىن كې-يىن، ئەمدى يەنە بىرەر ئاۋارىچىلىك بولمايدىغۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. كىم بىلسۇن، يەنە بىر چوڭ ھاقارەتلىك ئىش مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار مېنى خۇددى يېڭى ئەسكەرلەرگە ئوخشاش پوستتا تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

مەن بۇنى ھەقىقەتەن زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم، مەندەك بىر كاتتا ئەزىمەت مۇشۇنداق خورلۇققا ئۇچرىسا، مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالامدىمەن؟ مەن راستتىنلا بۇ خورلۇقتىن ئېتىپ تاشلانغىنىم ياخشى ئىدى، دەپ ئويلاپ قالدىم. نېمىلا بولمىسۇن، ئېتىپ تاشلىنىدىغان چاغدا سېنى ھەممىنىڭ ئالدىدا ئېلىپ ماڭىدۇ، كىشى-لەر ئەتراپتىن ئولىشىپ كېلىپ سېنى كۆرۈشكە ئال-دىرىشىدۇ، ھېچبولمىغاندا سەن ئۆزۈڭنىڭ خېلى بىر ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلىپ قالىسەن!

مەن بىر پولكوۋنىكنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە پوستتا تۇرۇشقا ئەۋەتىلدىم. ئۇ پولكوۋنىك ناھايىتى باي

بىر ياش كىشى ئىدى، مىجەزىمۇ بەك ياخشى، يەنە ئو-يۇن ـ تاماشاغا ئامراق ئىدى. شۇ يەردىكى ياش ئوفىتسېرلار ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئامراق ئىدى، يەنە نۇرغۇن پۇق-رالار، ئاياللار باراتتى، بۇ ئاياللار ئېھتىمال ئويۇنچى ئا-ياللار بولسا كېرەك.

ئەمما، بۇلار مەن ئۇچۇن ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى. مەن ئەكسىچە، پۈتۈن شەھەردىكى كىشىلەر ھەممىسى مەسلىھەتلىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە مېنى مەسخىرە قىلغىلى كېلىدىغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.

پولكوۋنىكنىڭ پەيتونى كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن دائىم بىللە يۈرىدىغان چاكىرىمۇ شۇ پەي-تونىدا ئىدى. مەن يەنە بىرسىنىڭ پەيتونىدىن چۈشۈۋات-قانلىقىنى كۆردۈم.

بۇ كارمېن ئىدى.

بۈگۈن ئۇ كىشىنى ئاجايىپ مەھلىيا قىلىغۇدەك دەرىجىدە ياسانغان، قىممەت باھالىق زىبۇزىنەتلەرنى تاقىغان، رەڭگارەڭ گۈللۈك كىيىملەرنى كىيگەنىدى، يوپكىسىغا يالتىراپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ياپراقچىلار قا-دالغان، ھەتتا كۆك رەڭلىك ئايىغىمۇ پارقىراپ تۇراتتى. قولىدا يەنە باسك دېپىمۇ بار ئىدى.

ئۇلار بىلەن بىللە بىر ياش، بىر قېرى ئىككى بوھېمىيىلىك ئايال، يەنە ئۇلارنى باشلاپ كەلگەن بىر

كەمپىر، گىتار كۆتۈرۈۋالغان بىر بوۋاي كەلگەنىدى. بۇ بوۋاي ئۆزى گىتار چالاتتى، بەزىدە ئۇسسۇلچى ئاياللارغا تەڭكەش قىلىپ بېرەتتى.

ئۇ چاغدا، يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىغا بوھىمىيىلىك ئاياللارنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارغا رومارى ئۇسسۇلىنى ئوينىتاتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسسۇلى ئىدى. بەزىدە يەنە باشقا ئويۇنلارمۇ ئوينىلاتتى.

كارمېن مېنى تونۇدى. بىز ئۆزئارا بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتۇق. بۇ چاغدا مەن ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم، ئەگەر يەر يېرىلسا كىرىۋالغۇم كېلىپ كەتتى.

— ھە، ياخشىمۇسىز، بۇرادەر، — دېدى ئۇ باسك تىلى بىلەن، — باشلىق، پوستتا تۇرغان قىياپىتىڭىز يېڭى ئەسكەرگە بەكمۇ ئوخشايدىكەن ـ ھە!

مەن تېخى گەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

مېھمان ۋە ساھىبخانىلار ھويلىغا كىردى، گەرچە مەن دەرۋازا ئالدىدا پوستتا تۇرۇۋاتقان ئورنۇمدىن ئايرىلمىساممۇ، ئەمما، يەنىلا ئىچكىرىدىكى قىزغىن ۋاڭ ـ چۇڭلارنى ئاڭلىيالايتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرۋازا رېشاتكىلىق دەرۋازا بولغاچقا، ئىچكىرىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى

ئاساسەن كۆرگىلى بولاتتى.

مەن شاقىلداق ئاۋازى، داپ ئاۋازى، كۈلكە ئاۋازى ۋە باربكاللا سادالىرىنى ئاڭلىدىم، ئۇ قولىغا كىچىك داپنى ئېلىپ ئۇسسۇل ئوينىغاندا، مەن تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى كۆرۈپ قالاتتىم.

ئارقىدىن مەن يەنە بىرنەچچە ئوفىتسېرنىڭ ئۇنىڭغا قاملاشمىغان چاقچاقلارنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، غەزەپ-تىن يېرىلىپ كېتەيلا دېدىم. ئەمما، ئۇنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىيالمىدىم.

مەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، شۇ چاغدا مەن بىرقانچە قېتىم ھويلىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ-نىڭغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلغان ئاشۇ ياسانچۇق ئال-قاپلارنىڭ قارنىنى ھەربىيچە خەنجىرىم بىلەن بىرمۇبىر يېرىپ تاشلاش خىيالىغىمۇ كەلگەنىدىم.

بىراق، مەن ئۆپكەمنى بېسىۋېلىپ، سەۋر-تاقەت قىلىپ، ئىككى سائەتنى ئۆتكۈزدۈم.

ئاخىر بۇ بوھېمىيىلىك ئاياللار قايتىپ چىقتى، پەيتۇن ئۇلارنى ئاپىرىپ قويىاتتى.

كارمېن مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتكەن چاغدا ماڭا قا-رىدى، ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى ماڭا بەكمۇ تونۇش ئىدى.

ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن ماڭا:

— يۇرتدىشىم، ئەگەر ياغدا پىشۇرغان مەززىلىك بېلىق يېيىشنى خالىسىڭىز تىرىياناسكى لىرا پاستيا ئاشپۇزۇلىغا بېرىڭ، — دېدى.

شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ئۇ خۇددى ئوغلاقتەك سەكرەپ پەيتۇنغا چىقتى. پەيتۇنچى ئاتلارغا بىر قامچا ئۇرۇۋىدى، بۇ غەمسىز كىشىلەرنىڭ قارىسى بىردەمدىلا يوقالدى.

مېنىڭ قانداق قىلغانلىقىمنى تېپىپ بېقىڭا؟ توغرا، مەن پوستتىن چۈشۈپلا، دەرھال تىرىياناغا باردىم. مېڭىش ئالدىدا مەن خۇددى پاراتتىن ئۆتىدىغاندەك ئالدىراپ - سالدىراپ ساقىلىمنى ئالدىم، كىيىملىرىمنى چوتكىلىدىم.

دەرۋەقە، ئۇ لىراپاستيا ئاشپۇزۇلىدا ئىكەن. ئاشپۇزۇل خوجايىنى ياغدا پىشۇرۇلغان بېلىق ساتقۇچى بولۇپ، ئۆزى بوھېمىيىلىك، بەئەينى مورلاردەك قاپقارا ئايال ئىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ئاشپۇزۇلىغا كېلىپ، ياغدا پىشۇرۇلغان بېلىق يەيدىكەن. بولۇپمۇ كارمېن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ سودىسى بەكلا قىزىپ كېتىپتۇ.

كارمېن مېنى كۆرۈپلا ئاشپۇزۇل خوجايىنىغا:

— لىرا، مەن بۈگۈن ئىشلىشىپ بېرەلمەيمەن. ئىش بولسا، ئەتە دېيىشەيلى. مەن بۈگۈن يۇرتلۇقۇم

بىلەن چىقىپ ئايلىنىپ كېلىمەن، — دېدى.

كارمېن گاز ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ياپتى. بىز بىللە كوچىغا چىقتۇق. مەن گاڭگىراپلا قالغانىدىم، ئۇنىڭ نەگە ئاپىرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم، پەقەت ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا كېتىۋاتاتتىم.

— خان قىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. مەن تۈرمىدە ياتقان ۋاقتىمدا سىز ماڭا سوۋغا ئەۋەتىپسىز، بولكىنى يېدىم، ئېگەكنى سىزدىن قالغان يادىكارلىق سۈپىتىدە ساقلاۋاتىمەن، يەنە ئۇنىڭ بىلەن مىلتىقىمنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋاتىمەن. ھە، يەنە ھېلىقى تىللانى ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بەرمەكچىمەن.

— ۋاي، سىز تېخىچە ئۇ تىللانى ساقلاۋېتىپسىز ـ دە! — ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — بىراق، ئۇمۇ بوپتۇ، قولۇمدا كۆپ پۇل قالمىغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم، ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا دەپتىكەن. يۈرۈڭ، ئۇ پۇلنى خەجلىۋېتەيلى، سىز مېھمان قىلىڭ!

بىز يەنە سېۋىلىيىگە قايتىپ كەلدۇق. ھېلىقى ئۆزى قېچىپ كەتكەن كوچا ئاغزىغا كەلگەندە، ئۇ ئون نەچچە ئاپېلسىن ئېلىپ، ماڭا قولياغلىقىغا ئوراپ ئېلىۋېلىڭ، دېدى. يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە بولكا، كولباسا ۋە بىر بوتۇلكا مانسانىلىيا ھارىقى ئالدى.

ئاندىن ئۇ مېنى بىر قەنت ـ گېزەك دۇكىنىغا باشلاپ كىردى.

دۇكانغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ مەن قايتۇرۇپ بەرگەن تىللانى ئېلىپ پوكەيگە تاشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىن يەنە بىر تىللا ۋە بىرقانچە دانە كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىپ، مەندىن يېنىمدىكى بارلىق پۇللارنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ چاغدا، يانچۇقۇمدا پەقەت بىرلا كۈمۈش تەڭگە ۋە ئازراق پارچە پۇللار بار ئىدى، ھەممىنى چىقىرىپ ئۇ-نىڭغا بەردىم. مەن ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدىم. چۈنكى، مېنىڭ شۇنىڭدىن ئارتۇق پۇلۇم يوق ئىدى.

ئەمما، ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى، ئۇ خۇددى دۇ-كاندىكى مالنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالىدىغاندەك، ھە دەپ ئەڭ ياخشى، ئەڭ قىممەتلىك ماللارنى تاللاپ ئال-غىلى تۇردى. ئۇ تاكى ھەممە پۇل تۈگىگۈچە مېغىز كەمپۈت دەمدۇ، تۇخۇم سېرىقى كەمپۈت دەمدۇ.... ھەم-مىنى ئالدى.

ئۇ بۇ نەرسىلەرنى بىر چوڭ قەغەز خالتىغا قاچى-لىتىپ ماڭا كۆتۈرتۈپ قويدى.

بىز دۇكاندىن چىقىپ چىراغ كوچىسىغا كەلدۇق ـ دە، چىقىپ ئۇدۇل ماڭدۇق.

ئاخىر بىر كونا ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدۇق.
ئۇ دالانغا كىرىپ ئىشىكنى ئۇردى.
خۇددى شەيتاننىڭ مۇرتىغا ئوخشايدىغان بىر بو-
ھىمىيىلىك ئايال چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى.
كارمېن بوھىمىيە تىلى بىلەن ئۇنىڭغا بىرقانچە
ئېغىز گەپ قىلدى.
ئۇ موماي بىرنېمىلەرنى دەپ كەتتى، چىرايىدىن
خالىمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. كارمېن ئۇنىڭ قولىغا
ئىككى ئاپېلسىن، بىر سىقىم كەمپۈت تۇتقۇزۇپ قويدى،
ئاندىن يەنە بىرقانچە يۇتۇم هاراق ئىچۈرۈپ قويدى.
شۇندىلا ئۇ موماي غىڭشىمىدى.
كارمېن ئۇنىڭغا بىر يېپىنچىنى ئارتىپ قويۇپ،
ئىشىكتىن چىقاردى ـ دە، ئىشىكنى يېپىپ ئىچىدىن
تاقىۋالدى.
ئۆيدە ئىككىمىزلا قالغاندۇق، ئۇ خۇشاللىقىدىن
تەلۋىلەرچە سەكرەپ كەتتى، ئۇ قاقاقلاپ كۈلگەچ، بوھى-
مىيە تىلىدا:
«سەن مېنىڭ ئېرىمسەن، مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ»
دېگەن ناخشىنى ئېيتتى.
بۇ چاغدا مەن يەنىلا قولۇمدىكى نەرسىلەرنى كۆ-
تۈرگەن پېتى نەگە قويۇشۇمنى بىلمەي، ئۆينىڭ قاپ
ئوتتۇرىسىدا هاڭۋېقىپ تۇراتتىم.

ئۇ ئېتىلىپ كېلىپ، قولۇمدىكى نەرسىلەرنى ئې‑
لىپ يەرگە تاشلىدى ـ دە، بوينۇمدىن قۇچاقلاپ مېنى
سۆيۈپ كەتتى:

— مەن سىزگە قەرزىمنى قايتۇرىمەن، قەرزىمنى
قايتۇرىمەن!

ئاھ، ئەپەندىم، بۇ ئاجايىپ بىر كۈن ئىدى. شۇ
كۈننى ئويلىسام ئۇنىڭدىن باشقا كۈنلىرىمنىڭ بول‑
غانلىقىنى زادىلا بىلەلمەي قالىمەن.

(ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى سەل بېسىۋېلىش ئۈچۈن
بولسا كېرەك، ئۇ باندىت بىردەم جىم تۇرۇۋالدى، ئاندىن
بىر تال سىگارت تۇتاشتۇرۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.)

شۇنداق قىلىپ، بىز پۈتۈن بىر كۈن بىللە بولدۇق،
بىر نەرسىلەرنى يېدۇق، هاراق ئىچتۇق، يەنە باشقا
ئىشلارنىمۇ قىلدۇق.

ئۇ كەمپۈت يېسە، خۇددى 5 ـ 6 ياشلىق بالىلاردەك
كاراسلىتىپ يەيتتى. ئۇ بىرنەچچە سىقىم كەمپۈت ئې‑
لىپ، موماينىڭ چەينىكىگە سېلىپ قويۇپ:

— ئۇ مېۋە شەربىتى قىلىپ ئىچسۇن، — دېدى.

ئۇ تۇخۇم سېرىقى كەمپۈتنى تامغا ئېتىپ:

— بۇنى چىۋىنلەرگە بېرەيلى، بولمىسا ئۇلار كې‑
لىپ بىزنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمىسۇن، — دېدى.

ئىشقىلىپ، ئۇ كۆڭلىگە نېمە كەلسە شۇنى قىلىپ،

ئۆيىنى رەسۋا قىلىۋەتتى.

مەن ئۇنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئەمما، شاقىلداق بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ، كۆزنى يۇ-مۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا موماينىڭ بىردىنبىرلا بولغان تەخسىسىنى ئېلىپ، چېقىپ پارچە - پارچە قىلىپ، ئۇنىڭ شاقىلدىغان ئاۋازىغا تەڭكەش قىلغان ھالدا رومارى ئۇسسۇلىغا چۈشتى. سىز ئۇ تەخسە پارچىسىنى ھەرگىز قارا سەندەل ياغىچى ياكى پىل چىشىدىن يا-سالغان شاقىلداقتەك ياخشى ئەمەسقۇ، دەپ قالماڭ.

سىزگە شۇنى ھۆددە قىلىمەنكى، ئەپەندىم، ئادەم ئە-گەر بۇ قىزنىڭ يېنىدا بولىدىغان بولسا، بىر ئۆمۈر زېرىكمەس، ئىچ پۇشۇقى دېگەنلەرنى بىلمەسە كېرەك. قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدىلا، مەن گازارمىنىڭ يىغىلىش سىگنالىنى ئاڭلىدىم.

— مەن ئەمدى قايتمىسام بولمايدۇ، يوقلىما قىلى-نىدۇ، — دېدىم مەن.

— قايتىپ كېتەمەن؟ — دېدى ئۇ بۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلماي، — سىز بىر قۇلمۇ؟ باشقىلار قولىغا كالتەك ئېلىپ سىزنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ مېڭىشى كېرەكمىدى؟ ئۇنداق بولسا سىز بىر يۈرىكى يوق قۇش-قاچ ئىكەنسىز. بولدى، كېتىڭ، يۈرىكىڭىز توخۇنىڭ

يۈرىكىدىنمۇ كىچىك ئىكەن.

مەن ئاخىر كەتمەي قېپقالدىم. نېمە كارىم، پېشا-نەمدىن كۆرەي، مېنى نازارەت ئۆيىگە سولاپ قويىدىغان ئىش بولسىمۇ مەيلى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئالدى بىلەن كارمېن ئۆزى ئەمە-دى بولدى قىلايلى، قايتايلى، دېدى.

— هوي، مېنىڭ خوسىيىم، — دېدى ئۇ ماڭا، — بىزنىڭ قائىدە-يوسۇنىمىز بويىچە مەن سىزگە ياخشى-لىقىڭىزنى قايتۇردۇم. ئەمدى سىزگە قەرزىم قالمىدى. چۈنكى، سىز بىر يات مىللەت كىشىسى. ئەمما، سىز ناهايىتى كېلىشكەن يىگىت ئىكەنسىز، مەن سىزنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بولدى، ئەمدى بىر-بىرى-مىزدە هېچقانداق قەرزىمىز قالمىدى، ئۆزىمىزنىڭ خا-لىغىنىمىزنى قىلايلى.

ئۇنىڭدىن ئەمدى يەنە قاچان كۆرۈشەلەيدىغانلىقى-مىزنى سورىدىم.

— بۇگۈنكىدەك مۇنداق ئەخمەقلىق قىلمايدىغان بولغان چېغىڭىزدا! — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

بىردەمدىن كېيىن، يەنە ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن:

— بىلەمسىز، مەن راستتىنلا سىزنى بىرئاز ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك قىلىمەن. ئەمما، ياخشى كۈنلەر ئۇ-زۇنغا بارمايدۇ، بىز ئىككىمىز بىر يولدىكى كىشىلەردىن

ئەمەس، ياخشى كۆن كەچۈرەلمەيمىز. پەقەت سىز بىزنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنى قوبۇل قىلغان چېغىڭىزدىلا مەن ئاندىن سىزنىڭ ئايالىڭىز بولالايمەن. ئەمما، بۇنداق دېگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، چۈنكى، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. بولدىلا، شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، سىز ئاز زىيان تارتىش بەدىلىگە كۆپ پايدىغا ئېرىشۋالدىڭىز. سىزنىڭ ئۇچراشقىنىڭىز بىر ئالۋاستى، شۇنداق، ئالۋاستى، بىراق، بۇ ئالۋاستى ھەرگىز بەتبەشىرە، ياۋۇز ئالۋاستى ئەمەس، ئۇ سىزنىڭ بوينىڭىزنى ئۈزۈۋەتمىدىغۇ! قارالڭ، مەن قوي يۇڭىدىن توقۇلغان پوپايكا كىيىۋالدىم. ئەمما، مەن قوي ئەمەس. بولۇڭ، دەرھال بۇۋى مەريەم ئانىڭىز ھەققىدە بىر تال شام يېقىڭ، ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ ئەجرىنى كۆردى. بولدى، ئەمدى سىزگە يەنە خوش دەيمەن. ئەمدى يەنە كارمېننى خىيال قىلىپ يۈرۈۋەرمەڭ، بولمىسا، ئۇ سىزنى پالاكەتكە ئۇچرىتىدۇ.

كارمېن شۇنداق دېگەچ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ گاز ياغلىقى بىلەن يۈزىنى يېپىپ، كوچىغا چىقتى ـ دە، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرا ئىدى. ئەگەر مەن شۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا ئۇنى ئويلاۋەرمىگەن بولسام، يەنە ئەخمەقلىق قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىم.

ئەپسۇسلىنارلىقى، ئاشۇ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن چىراغ كوچىسىدا بىر كۈن بىللە بولغاندىن كېيىن، ماڭا جىن چاپلاشتى.

مەن ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئۇنىلا خىيال قىلاتتىم. مەن كۈن بويى كوچىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇنى بىر ئۇچرىتىشنىلا ئارزۇ قىلاتتىم.

مەن ھېلىقى ئۆي ئىگىسى موماي ۋە بېلىق ساتـ. قۇچىدىن ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈم، لېكىن ئۇلار ئۇنى پورتۇگالىيىگە كەتتى، دېيىشتى.

مەن چوقۇم كارمېن ئۇلارنى شۇنداق دېيىشكە بۇيـ. رۇغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ئۇلارنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلدىم.

چىراغ كوچىسىدا ھېلىقى ئاجايىپ شېرىن بىر كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بىرقانچە ھەپتە ئۆتكەن بىر كۈنى، مەن بىر سېپىل دەرۋازىسىدا پوستتا تۇرۇـ. ۋاتاتتىم. بۇ دەرۋازىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا سېپىلنىڭ بىر يوچۇقى بار ئىدى. كۈندۈزى بۇ يەردە قۇرۇلۇش قىلىنغان، كەچتە بۇ يەرگە پوست قويۇلۇپ، ئەتكەسچىلەرنىڭ ئۆتۈشىدىن مۇداپىئە كۆرۈلەتتى.

شۇ كۈنى، مەن ھېلىقى ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى لىراپاستىيانىڭ مەن تۇرغان قاراۋۇلخانىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ يەنە مېنىڭ

بىرقانچە ھەمراھىم بىلەنمۇ سۆزلەشتى. ئۇنىڭ ياغدا پىشۇرۇلغان بىلىقى ۋە قازان نىنىنىڭ ناھايىتى داڭقى بولغاچقا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى تونۇيتتى. ئاندىن ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، كارمېندىن بىرەر خەۋەر ئاڭلىدىڭىزمۇ، دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدىم مەن.

— ئۇنداق بولسا، ھېلىلا ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالىسىز.

بۇ ئەبلەخ يالغان ئېيتمىغانىدى. شۇ ئاخشىمى مەن سېپىلنىڭ ھېلىقى يوچۇقىغا پوستتا تۇرۇشقا ئەۋەتىلدىم. سېرژانت ئەمدىلا كېتىپ تۇرۇشىغا، بىر ئايالنىڭ مەن تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم.

مەن ئۇنى چوقۇم كارمېن دەپ ئويلىدىم. ئەمما، مەن يەنىلا ئۈنلۈك ۋارقىراپ:

— ئارقاڭغا يان، بۇ يەردىن ئۆتۈش مەنئى قىلىنىدۇ، — دېدىم.

— ئەلپازىڭىز نېمىدېگەن يامان! — ئۇ ماڭا قاراپ كېلىۋەردى.

— ھوي، بۇ سىزمۇ كارمېن!

— شۇنداق، يۇرتلۇقۇم. قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ. بىز نەق ئىش توغرىسىدا سۆزلىشەيلى! ئازراق پۇل تېپىۋالغۇڭىز يوقمۇ؟ ئەگەر بىرەرسى سومكىسا كۆتۈرۈپ كېلىپ قالسا، ئۆتكۈزۈۋېتەلەمسىز؟

— بولمايدۇ، — دېدىم مەن، — مېنىڭ مەسئۇلىيە-تىم ئۇلارنىڭ ئۆتۈشىنى توسۇش، بۇ دېگەن بۇيرۇق.

— پاھ، بۇيرۇقمىش! چىراغ كوچىسىدىكى چاغدا ئەجەب بۇيرۇقنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمىگەن ئىدىڭىز-غۇ؟

— ھە! — نېمە بولدىكىن، بىلمىدىم، چىراغ كو-چىسىنىڭ گېپى چىقسىلا دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، ھودۇقۇپ كېتەتتىم، — ئۇ ئىش ئۈچۈن بۇيرۇقنى ئۇنۇ-تۇپ قالغان بولسام، ئۇ ئەرزىگۈدەك ئىش ئىدى. لېكىن، ھازىر مەن ئەتكەسچىلەرنىڭ پۇلىنى ئېلىشنى خالىماي-مەن.

— ياخشى، پۇلنى ئېلىشنى خالىمايدىكەنسىز، ئۇن-داق بولسا، مەن بىللە دوروتا مومايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئويناپ كېلىشنىمۇ خالىمامسىز؟

مەن بارلىق جۈرئىتىم بىلەن كۆچەپ تۇرۇپ:

— ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدىم.

— بەللى، ئەجەب ياخشى بولدى، ئەگەر سىز مېنى ئاخىرغىچە تەڭلىكتە قويىدىغان بولسىڭىز، مەن بۇنى قىلالايدىغان ئادەم تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن. مەن سىزنىڭ باشلىقىڭىزنى دوروتا مومايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئويناشقا تەكلىپ قىلىمەن. ئۇنىڭ مىجەزى نا-ھايىتى ياخشى. ئۇ ئورنىڭىزغا باشقا بىر يىگىتنى

ئالماشتۇرىدۇ، ئۇ يىگىت چوقۇم بىر كۆزىنى ئېچىپ، بىر كۆزىنى يۇمۇپ، ئادەملىرىمنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. خەير ـ خوش، قۇشقىچىم، ئەگەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، بىر بۇيرۇق چۈشۈپ دارغا ئېسىلغان بولسىڭىز بەك خۇشال بولغان بولاتتىم.

بىردىنلا كۆڭلۇم ئېرىپ، ئۇنى چاقىرىپ قايتۇرۇپ كەلدىم. مەن يەنە ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ:

— ئەگەر زۆرۈر بولىدىغان بولسا، بارلىق بوھىمىيىلىكلەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىمەن. ئەمما، مەن چوقۇم كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئارمانىمغا يېتىشىم كېرەك، — دېدىم.

ئۇ دەرھال قەسەم بېرىپ:

— ئەتە سىزنى چوقۇم مۇرادىڭىزغا يەتكۈزىمەن، — دېدى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا دەرھال ئۆزىنىڭ يېقىن جايدا ساقلاپ تۇرۇۋاتقان دوستلىرىغا خەۋەر قىلغىلى كەتتى.

ئۇلار بەش ئادەم ئىدى، بۇلار ئىچىدە لىراپاستىيامۇ بار ئىدى، ھەممىسى ئەنگلىيە ئەتكەس ماللىرى قاچىلانغان ئېغىر سومكىلارنى كۆتۈرگەنىدى.

ئىلگىرى ھەمىشە كارمېن كۆزەتچىلىك قىلىدىكەن، چارلاش ئەترىتى كېلىپ قالسا، ئۇ شاقىلداق بىلەن بەلگە بېرىپ، شېرىكلىرىنى قاچۇرۇۋېتىدىكەن. بىراق، بۇ نۆ-

ۋەت ئۇ بۇ ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

بۇ ئەتكەسچىلەر سېپىلدىن ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆتۇپ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

ئەتىسى مەن چىراغ كوچىسىغا باردىم. ئەمما، كارمېن كېچىكىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ خاپا ئىدى.

— مەن ئۇنداق سىپايىگەرچىلىك قىلىدىغان ئادەملەرگە ئۆچ، — دېدى ئۇ، — تۇنجى قېتىم سىز ماڭا ياردەم قىلغان چېغىڭىزدا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قانداق نەپكە ئېرىشىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيتتىڭىز، لېكىن سىز يەنىلا ياردەم قىلدىڭىز. ئەمما، تۈنۈگۈن سىز مەن بىلەن تالىشىپ، سودىلىشىۋاتىسىز. بۈگۈن مېنىڭ راستىنىلا كەلگۈم يوق ئىدى، چۈنكى ھازىر سىزدىن كۆڭلۈم قالدى. ئېلىڭ، مانا بۇ كۈمۈش تەڭگە سىزنىڭ تاپان ھەققىڭىز بولۇپ قالسۇن. بۇنى ئېلىڭ ـ دە، كۆزۈمدىن يوقىلىڭ!

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ غۇزژىدە ئاچچىقىم كەلدى، تەڭگىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا ئاتقۇم كېلىپ كەتتى. ئاران تەستە غەزىپىمنى بېسىۋېلىپ، ئۇنى ئەدەپلەشتىن ياندىم.

بىز تاكى بىر سائەتكىچە قاتتىق تاكاللاشتۇق. ئاخىر غەزەپ بىلەن قايتىپ كەتتىم.

مەن كوچىدا خۇددى تەلۋىدەك بېشىم قايغان يەردە

چۆرگىلەپ يۈردۈم. ئاخىر بىر چىركاۋغا كىرىپ، ئۆزۈم يالغۇز بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ، كۆڭلۈم بوزۇلۇپ قاتتىق يىغلىدىم.

بىردىنلا بىرسىنىڭ ماڭا سۆزلەۋاتقاندەك قىلىۋات-قانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— سەۋر قىل، كۆز ياشلىرىڭ بىھۇدە ئىسراپ بولمىسۇن، ئۇنىڭ كېرىكى بار!

شۇنداق بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، كارمېن ئال-دىمدا تۇراتتى.

— بولدى، يۇرتلۇقۇم، تېخىچە ماڭا ئاچچىقلاۋاتام-سىز! قارىغاندا راستتىنلا سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسام كېرەك. قاراڭ، مەن گەرچە سىزدىن رەنجىۋاتقان بولسامۇ، ئەمما، سىز كەتكەندىن بېرى تېخىچە ھوش-كاللام جايىدا بولمايۋاتىدۇ. بولدى، ھازىر مەن بىلەن بىللە چىراغ كوچىسىغا بارغۇڭىز بارمۇ-يوق؟

شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە يۇرۇنقىدەكلا ئەپلىشىپ قالدۇق.

ئەمما، كارمېنىنىڭ مىجەزى خۇددى بىزنىڭ يۇرت-نىڭ ھاۋاسىدەك بىردەمدىلا ئۆزگىرەتتى. ھازىرلا تېخى قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرغان بولسا، يەنە كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە قاپىقىدىن مۇز ياغاتتى.

بىر قېتىم دوروتانىڭ ئۆيىدە ئۇچرىشىمىز دەپ

شۇنداق ياخشى كىلىشىپ قويغانىدۇق. ئەمما، ئۇ ئۆزى كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ موماي مېنى ئېچىتىپ، كارمېن مىسىرغا سودا قىلغىلى كەتتى، دېدى.

بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكلەردىن كېيىن، ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتتىم، ئۇ چوقۇم مېنى ئالداۋاتاتتى.

شۇڭا، مەن ھەر تەرەپلەرگە بېرىپ كارمېننى ئىزدەشكە باشلىدىم، كارمېن بېرىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە باردىم. بولۇپمۇ چىراغ كوچىسىغا بىر كۈندە ئون نەچچە قېتىم باردىم.

بىركۈنى، مەن دوروتانىڭ ئۆيىدە ئۇنى ساقلاۋاتاتتىم. چۈنكى، مەن پات ـ پات ئۇنىڭغا ئارپىبەدىيان ھارىقى ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالغانىدىم. تۇيۇقسىز ئۇ كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ پولكىتتىكى لېيتېنانت ئىدى.

— كەتمەي قاراپ تۇرىسىزغۇ! — دېدى ئۇ باسك تىلىدا.

مەن بىردىنلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم، ئارقىدىن يەنە غەزەپكە كەلدىم.

— بۇ يەردە نېمە قىلىسەن! — لېيتېنانت ماڭا قىلچە يۇزخاتىر قىلمىدى، — يوقال كۆزۈمدىن!

مەن جايىمدا قىمىر قىلالماي تۇرۇپ قالدىم، خۇددى پۈتۈن بەدىنىم پالەچ بولۇپ قالغاندەك، پۇت ـ قولۇمدا

جان قالمىغانىدى.

لېيتېنانت مېنىڭ يېنىمدا كەتمەي تۇرغىنىنى، ھەتتا شەپكەمنىمۇ بېشىمدىن ئالمىغىنىمنى كۆرۈپ، غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، ياقامدىن ئېلىپ كۆ-چىنىڭ بارىچە مېنى سىلكىشلىدى.

شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دېگەنلىكىمنىمۇ بىلمەيمەن، ئۇ بىردىنلا خەنجىرىنى چىقىرىپ ماڭا ئاۋۋال قول سالماقچى بولدى.

شۇنىڭ بىلەن مېنىڭمۇ غەزىپىم ئۆرلىدى ــ دە، مەنمۇ بوش كەلمەي، خەنجىرىمنى سۇغۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېتىلدىم، ئۆي ئىگىسى موماي بىلىكىمگە ئېسىلىۋال-دى، لېيتېنانت بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماڭا خەنجەر ئۇردى، قارالڭ ئەپەندىم، پېشانەمدە ھازىرغىچە بۇ تاتۇق بار.

مەن ئارقامغا يېنىپ، بىلىكىمنى بىر سىلكىۋىدىم، موماي يىقىلىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى. بۇ چاغدا، ھېلىقى لېيتېنانت تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ مېنى قىستاپ كەلدى. مەن غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا خەنجەر سالدىم، ئۇ شۇئان يەرگە يىقىلدى.

كارمېن دەرھال چىراغنى ئۆچۈردى ۋە بوھېمىيە تىلى بىلەن مومايغا:

— دەرھال قاچ، — دېدى.

مەن ئۆزۈممۇ دەرھال كوچىغا چىقتىم ـ دە، قايسى تەرەپ بىلەنلىكى بىلەنمۇ كارىم بولماي قاچتىم. پەقەت بىرسىنىڭ ئارقامدىن قالماي ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىـ قىنى ھېس قىلاتتىم. ئۆزۈمنى سەل توختىتىپ قارىـ سام، ئارقامدىن ئەگىشىپ كەلگەن كارمېن ئىكەن.

— ھۇ كالۋا، ھۇ قاپاق باش، — دېدى ئۇ ئارقامدىن يېتىشىپ كېلىپ، — سەن بالا تېرىشىنىلا بىلىسەن

مەن بۇرۇنلا ساڭا: «مېنى تولا خىيال قىلىۋەرمە، با تېرىپ قويىسەن» دېگەن. قانداق، توغرا دەپتىكەنمەنمۇ بولدىلا، بوھىمىيىلىك قىز بىلەن دوست بولغان ئە كەنسەن، ئەلۋەتتە ياراڭنى داۋالايدىغان دورا تېپىلىدۇ. ئا مۇنۇ قولياغلىق بىلەن ياراڭنى تېڭىۋال، بەلۋېغىڭنى ماڭا بەر. سەن مۇشۇ يەردە مېنى ساقلاپ تۇر، مە ھازىرلا كېلىمەن.

شۇ گېپنى دەپلا، ئۇ بىردەمدىلا كۆزدىن يوقالدى بىردەمدىن كېيىن ئۇ قايتىپ كەلدى، ئۇ يەنە ماڭا بى يوللۇق پىلاش ئالغاچ كەلگەنىدى. مەن ئۇنىڭ بۇنى دىن ئەكەلگەنلىكىنى بىلمىدىم.

ئۇ مېنىڭ ھەربىي فورمامنى سالدۇرۇپ، پىلاش ئارتىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن مەن ھەقىقەتەن باشقا ب قىياپەتكە كىرىپ، بەئەينى سېۋىلىيەدىكى سەھرال باققاللارغا ئوخشاپ قالدىم.

كېيىن ئۇ مېنى باشقا كوچىدىكى بىر ئۆيگە ئې-
لىپ باردى، بۇ ئۆي دوروتانىڭ ئۆيىگە بەكمۇ ئوخشايتتى.
كارمېن ۋە يەنە بىر بوھېمىيىلىك ئايال يۇزلى-
رىمنى سۈرتتى، يارامنى تازىلىدى ۋە تاڭدى، ئۇلارنىڭ
تېخنىكىسى ھەربىي دوختۇرلاردىنمۇ يۇقىرى ئىدى. ئۇ-
لار ماڭا ئىچىملىك ئىچكۈزۈپ، ئاندىن بىر سېلىنچا
ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويدى، مەن ناھايىتى تېزلا ئۇخلاپ
كېتىپتىمەن.
مەن ئۇ ئاياللار مەن ئىچكەن ئىچىملىككە ئۇيقۇ
دورىسىدەك بىرەرنەرسە سېلىۋەتتىمىكىن، دەپ ئويلاپ
قالدىم. ئىشقىلىپ، ئۇلار مۇنداق دورىلارنى ياساشنى
بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، مەن ئەتىسى نا-
ھايىتى ۋاقىچە ئاران ئويغاندىم.
بېشىم قاتتىق ئاغرىپ تۇراتتى، يەنە سەل قىزىپ
تۇراتتىم. خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مەن
ئاندىن تۈنۈگۈن ئاخشام يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئېسىمگە
ئالدىم.
كارمېن ۋە ئۇنىڭ دوستى مەن ياتقان جايغا كېلىپ
ئولتۇرۇپ، ئۆز تىلىدا بىرنېمىلەرنى دېيىشتى. قارىغاندا،
مېنىڭ يارام ھەققىدە گەپ قىلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.
ئاندىن ئۇلار مېنىڭ خاتىرجەم بولۇشۇمنى، يارامدا چوڭ
مەسىلە يوقلۇقىنى، تېزلا ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىنى

ئېيتتى. بىراق، مەن دەرھال سېۋىلىيەدىن كېتىشىم كېرەك ئىدى، ئەگەر مەن قولغا ئېلىنىدىغان بولسام، دەرھال ئېتىپ تاشلىنىشىم مۇمكىن ئىدى.

— ئوبدان يۇرتلۇقۇم، — دېدى كارمېن، — ئەمدى بىرەر ئىش تېپىپ قىلمىسىڭىز بولمىدى. چۈنكى، سىز ئەمدى ئارمىيىنىڭ نېنىنى يېيەلمەيدىغان بولدىڭىز. بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ئۆز كۈنىڭىزنى ئۆزىڭىز ئېلىشىڭىز كېرەك. سىز بەك كالۋا ئىكەنسىز، سۇنىڭ ئېقىشىغا بېقىپ ئىش قىلىشنى بىلمەيدىكەنسىز. بىراق، پۇت-قولىڭىز خېلى چاققان، قاۋۇل، كۈچلۈك ئىكەن. قابىلىيىتىڭىزمۇ بار، شۇڭا دېڭىز بويىغا بېرىپ، ئەتكەس مال ئەكېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ناھايىتى چوڭ بولسا تۈرمىدە ياتىسىز، بۇمۇ ئېتىپ تاشلانغاندىن ياخشىغۇ؟ ئەگەر ئىشىڭىز ئوڭدىن كېلىپ، ژاندارمىلار ۋە دېڭىز قىرغىقى گارنىزون قىسىملىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالمىسىڭىز، خۇددى شاھزادىدەك ياشايسىز.

شۇنداق قىلىپ، كارمېن مۇشۇنداق ياغلىما گەپلەر بىلەن ماڭا بىر چىقىش يولى كۆرسىتىپ بەردى، ئەمما، راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولۇم يوق ئىدى. چۈنكى، مەن باش كېتىدىغان جىنايەت ئۆتكۈزگەنىدىم.

مەن ئېيتمىساممۇ بىلىسىز ئەپەندىم. ئۇ ئېغىزىنى

كۆپ ئۇپراتمىغان بولسىمۇ، مەن قەتئىي نىيەتكە كەل-
دىم.

مېنىڭچە، مۇنداق تەۋەككۇلچىلىك ۋە ئاسىيلىق قىلىشىم ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋىتىمنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى مۇتلەق بىخەتەرلىككە ئىگە قىلاتتى.

مەن دائىم باشقىلاردىن بەزى ئەتكەسچىلەر قاۋۇل ئاتقا مىنىپ، مىلتىق ئېسىپ، ئارقىسىغا ئاشنىسىنى ئەگەشتۇرۇپ ئاندالۇتسىيىنىڭ ھەممە يېرىدە چېپىشىپ يۈرىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم.

مەن ھازىر ئۆزۈمنى ئاشۇ سۆيۈملۈك بوھىمىيىلىك قىزنى ئېلىپ، قامچا ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرۇپ، تاغ - داۋانلار ئېشىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ئويلىرىنى ئۇنىڭغا دېگەن چاغدا، ئۇ كۈلكىدىن ئۆرە بولالمايلا قالدى. ئۇ:

— بۇ جاھاندا كېچىسى دالىلاردا قونۇشتىنمۇ مە-
نىلىك ئىش بولمايدۇ. ۋاقتى كەلگەندە، ھەربىر ئەركەك ئايالىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ چېدىرىغا كىرسە، ئاندىن يا-
غاچلار بىلەن كارىۋات قۇرسا، بۇ ئۇلارنىڭ راھەتلىك ماكانى بولۇپ قالىدۇ، — دېدى.

— ھامان بىر كۈنى مەن سىزنى تاغ ئىچىگە ئې-
لىپ كېتىمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — پەقەت شۇ

چاغدىلا مەن ئاندىن خاتىرجەم بولىمەن. چۈنكى، تاغ ئىچىدە تۇرساقلا بىرەر لېيتېنانت كېلىپ سىزنى مەن-دىن تالاشمايدۇ.

— قارالە سىزنى، يەنە كۈندەشلىك قىلغىلى تۇردى-ڭىز، — دېدى ئۇ ماڭا، — خوپ بوپتۇ، كىم سىزنى شۇنچە دۆت بولسۇن دەپتۇ. مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆ-رىدىغانلىقىمنى تېخىچە بىلمىدىڭىزمۇ؟ ئويلاپ بېقىڭا، مەن قاچان سىزدىن پۇل تەلەپ قىلدىم؟

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈ-رۈۋەتكۈم كېلىپ كەتتى.

قۇرۇق گەپنى ئاز قىلاي، كارمېن ماڭا بىر قۇر پۇقراچە كىيىم تېپىپ بەردى. مەن ئۇنى كىيىپ سې-ۋىلىيە شەھىرىدىن غىپپىدە چىقىپ كەتتىم، ھېچكىم مېنى تونۇيالمىدى.

مەن ياغدا قورۇلغان بېلىق ساتىدىغان ئاشپۇزۇل خوجايىنىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئېلىپ، گېرىزغا بە-دىيان ھارىقى ساتىدىغان بىر ئادەمنى ئىزدەپ باردىم. چۈنكى، ئاشۇ ئەتكەسچىلەر ھەمىشە ئۇنىڭ دۇكىنىغا يىغىلىدىكەن.

مەن بۇ كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلارنىڭ باش-چىسىنىڭ لەقىمى «قىمارۋاز» ئىكەن، ئۇ مېنى ئۆز سېپىگە قوبۇل قىلدى. بىز مالاگا ئۆلكىسىنىڭ گو-

سىن دېگەن يېرىگە قاراپ ئاتلاندۇق.

ئۇ يەردە يەنە كارمېن بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇ مېنى خالىي ئۇچرىششقا تەكلىپ قىلغانىدى. بىز ھەر قېتىم يىراققا سەپەر قىلساق، ئۇ ھەمىشە بىزگە رازۋېدچىك بولۇپ بېرەتتى، ھەر قېتىم ئىشنى شۇنداق قاملاشتۇ-راتتى.

ئاستا ـ ئاستا، مەن بۇ ئەتكەسچىلىكنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مېنىڭچە، بۇ مېنىڭ ئەسكەر بولغىنىمدىن كۆپ مەنىلىك ئىدى. ھەمىشە كارمېنغا سوۋغا ئېلىپ بېرەتتىم. مېنىڭ ھازىر پۇلۇم، ئاشنام بار بولدى، يەنە نېمە پۇشايمىنىم بولسۇن.

بوھېمىيىلىكلەرنىڭ بىر مەشھۇر سۆزى بار: «قورسىقىڭ توق بولسا، ئۆزۈڭ شوخ بولىسەن».

بىز نەگىلا بارساق، شۇ يەردە قارشى ئېلىناتتۇق. بۇرادەرلەر ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ھەتتا خېلى ھۆرمەت قىلاتتى، بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، ئۇ بولسىمۇ، مەن ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم ئىدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر تېخى مۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغانىدى.

مېنىڭ ھازىرقى يېڭى تۇرمۇشۇمدا ئەڭ مەمنۇن بولىدىغىنىم كارمېننى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرالايدىغانلى-قىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ماڭا ئىنتايىن قىزغىن،

مېھرىبان ئىدى.

ئەمما، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ھەرگىز ئۆزىنىڭ مېنىڭ ئاشنام ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. ئۇ ھەتتا مېنىڭدىن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئازراق ئىشلىرىنىمۇ ئاشكارىلاپ قويماسلىق توغرىسىدا قەسەم ئىچىشىمنى تەلەپ قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئالدىدا مەن نېمىگە ماقۇل بولماي تۇرالايتتىم؟ ھەتتا مېنىڭ كاللامۇ شۇنداق ساددا بولۇپ قالغانىدى. بىر قېتىم ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا شۇنداق قائىدە ــ يوسۇنلۇق بولۇپ قالدى، مەن تېخى ئۇنى بۇرۇنقى يامان ئىشلىرىدىن ھەقىقەتەن قول ئۈزگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئىشىنىپ قاپتىمەن.

بىز ئون نەچچە ئادەم ئىدۇق، ئادەتتە ئىككى ــ ئۈچتىن بىر توپ بولۇپ شەھەرلەر ياكى يېزىلاردا ھەرىكەت قىلاتتۇق، ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردىلا ھەممىيلەن توپلىناتتۇق.

بىز ئادەتتە ھەممىمىز ئاشكارا كەسىپ بىلەن ئۆزىمىزنى قوغدايتتۇق. بىزنىڭ ئىچىمىزدە قازان رېمونت قىلغۇچى، ئات سودىگەرلىرى بار ئىدى، مېنىڭ كەسپىم يىپ ــ يىڭنە سودىگىرى ئىدى. ئەمما، مەن چوڭ سورۇنلارغا ناھايىتى ئاز چىقاتتىم. چۈنكى، مەن سېۋىلىيىدە تېرىغان بالا ــ قازادىن ھەممە ئادەم خەۋەر تاپقانىدى.

بىر كۈنى، بىز كېچىدە دېڭىز بويىدىكى شەھەر ۋېرېل يېنىدا ئۇچرىششقا كېلىشتۇق. «قىمارۋاز» بىلەن مەن باشقىلاردىن بۇرۇن باردۇق. مەن ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن گۇلقەقەلىرىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇم.

— ئەمدى بىزگە بىر يېڭى ھەمراھ قوشۇلىدىغان بولدى، — دېدى ئۇ ماڭا، — كارمېن ئېرىنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىۋالدى.

قىمارۋاز ماڭا بوھېمىيە تىلىدا سۆزلىگەنىدى، مەن بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم، ھەتتا تىترەپ كەتتىم.

— نېمە، ئۇنىڭ ئېرى دېدىڭىزما؟ ئۇ توي قىلغانمىدى؟ — دېدىم مەن.

— ھەئە! ئۇ يەكچەشمە گارسىياغا تەگكەن، ئۇمۇ بوھېمىيىلىك، خۇددى كارمېنغا ئوخشاشلا چېچەن. ئەپسۇسكى، بۇ يىگىت ئېغىر ئەمگەك جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. بۇ نۆۋەت كارمېن جاھاندا بار شېرىن - تاتلىق گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ يۈرۈپ، تۈرمە دوختۇرىنى ئالداپ، ناھايىتى تەسلىكتە ئېرىنى ئەركىنلىككە چىقاردى، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس، بۇ قىز ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز ياخشى قىز. ئۇ توپتوغرا ئىككى يىل تىرىشىپ، ئېرىنىڭ تۈرمىدىن قېچىشىغا ياردەم بەرمەكچى بولغانىدى، ئەمما، زادىلا نەتىجىسى بولمىغان.

كېيىنچە تۈرمە دوختۇرى ئالماشتۇرۇلغانىدى. كارمېن تۈرمە دوختۇرىنى ئازدۇرۇپ، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

سىز ئويلاپ بېقىڭا، بۇ خەۋەر مەن ئۈچۈن نەقەدەر زەربە ــ ھە!

بىردەمدىن كېيىن مەن يەكچەشمە گارسىيانى كۆردۈم. مېنىڭچە، ئۇ بوھېمىيىلىكلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكى ئەبلەخ ئىدى، ئۇنىڭ ئۆڭى قارا، نىيىتى تېخىمۇ قارا ئىدى. ئۇ كەم ــ كۈتىسىز بىر مۇتتەھەم بولۇپ، مەن بۇ ئۆمرۈمدە بۇنداق ئەبلەخنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

ئۇ كارمېن بىلەن بىللە كەلدى، كارمېن مېنىڭ ئالدىمدىلا ئۇنى ئېرىم، دېدى. ئەمما، گارسىيا ئارقىسىغا بۇرۇلغان پۇرسەتتە، كارمېن ماڭا كۆزىنى قىسىپ، قاش ئاتتى.

مېنىڭ قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى، پۈتۈن بىر كېچە كارمېنغا زادىلا گەپ قىلمىدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە، بىز يۈك ــ تاقلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقتۇق، شۇ چاغدىلا ئون نەچچە ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق.

مېنىڭ شېرىكلىرىم ئادەتتە ئاغزى ــ ئاغزىغا تەگمەي

ئۈزلىرىنى ئۇنداق نوچى، بۇنداق باتۇر دېسىمۇ، بۇ چاغدا ھەممىسى قورقۇپ ئىشتىنىغا چىقىرىۋېتىپ بەدەر قې-چىشتى.

ئاخىردا پەقەت مەن، «قىمارۋاز»، گارسىيا، كارمېن ۋە يەنە رېموندادۇ ئىسىملىك بىر يىگىتلا قاپتىمىز.

قورقۇنچاقلار قېچىر ۋە ماللارنى تاشلاپ، ئۈزلىرى تاغ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كېتىشتى. قېپقالغانلار ھەممە ئات ـ قېچىرلارنى ساقلاپ قېلىشقا ئامال قىلال-ماي، پەقەت ئەڭ قىممەتلىك ماللارنى چۇشۇرۇۋېلىپ، كۆتۈرىدىغىنىنى كۆتۈرۈپ، يۈدۈدىغىنىنى يۈدۈپ، تاغقا قاراپ قاچتۇق. بەزىدە، ماللارنى تاغدىن تۆۋەنگە تاشلىۋې-تىپ، ئارقىدىن ئۆزىمىز مالنىڭ ئارقىسىدىن تۆۋەنگە سىيرىلاتتۇق.

بۇ چاغدا، ئاتلىق ئەسكەرلەر بىزنى قوغلاشقا باش-لىدى. مەن تۇنجى بولۇپ ئوقنىڭ قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئەمما، مەن بىر ئايال ئۈچۈن تەۋەككۇل قىلىش، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىق ئەرزىيدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

ئاخىردا بىز ھەممىمىز خەۋپتىن قۇتۇلدۇق، پەقەت بىچارە رېموندادۇنىڭ بېلىگە ئوق تەگدى. مەن دەرھال قولۇمدىكى چوڭ بولاقنى تاشلىۋېتىپ، ئۇنى قۇچىقىمغا ئالدىم.

— ھۆ قاپاق باش كالۋا، — دېدى گارسىيا ماڭا ۋارقىراپ، — ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ، ئۇ ئۆلسۇن! ئۇنى ئېتىۋەت، رەختلەرنى قولدىن بېرىپ قويما.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! — دېدى كارمېنمۇ ۋارقىراپ.

بۇ چاغدا مەن ھەقىقەتەن ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەنىدىم، مەن ئۇ يىگىتنى بىر تاشنىڭ ئۇستىگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، سەل ئارام ئېلىۋالاي دېگەنىدىم. گارسىيا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇ يىگىتنىڭ بېشىغا ئوق ئاتتى.

— ئوبدان بولدى، ئەمدى ھېچكىم ئۇنى تونۇيالمايدۇ، — گارسىيا سۆزلىگەچ، تاكى ئۇ يىگىتنىڭ يۈزى پۈتۈنلەي تىتىلىپ بۇزۇلۇپ كەتكۈچە يەنە ئون نەچچە پاي ئوق ئاتتى.

ئەپەندىم، كۆردىڭىزمۇ، مانا بۇ مېنىڭ يېڭى تۇرمۇشۇم ئىدى.

شۇ كۈنى كېچىسى بىز بىر ئورمانلىققا كەلدۇق، ھەممىيلەن ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتكەن، قېچىرلارنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قالغانىدۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەيدىغان ھېچنېمە قالمىغانىدى.

مۇتتەھەم، ئەبلەخ گارسىيا خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىدى. ئۇ يانچۇقىدىن بىر قول قارتىنى چىقىرىپ، «قىمارۋاز» بىللە بىلەن ئوت يورۇقىدا قارتا

ئويناشقا باشلىدى.

مەن ھېرىپ ـ چارچىغىنىمدىن مىدىرلىيالمايلا قالغانىدىم، مەن يەردە يېتىپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ رېموندادۇنى ئويلىدىم. ئۆزۈمنىڭمۇ رېموندادۇدەك ئۆلۈپ كەتكىنىم ياخشى ئىدى، دەپ ئويلىدىم.

كارمېن يېنىمدا ئولتۇرۇپ، شاقىلداقنى ئۇرۇپ، پەس ئاۋازدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى. بىردەمدىن كېيىن، خۇددى ماڭا دەيدىغان مەخپىي گېپى باردەك يېنىمغا سۈرۈلۈپ كەلدى ۋە تۇيۇقسىزلا قۇچاقلاپ، بىرنەچچىنى سۆيۈۋالدى.

— سىز بىر ئالۋاستى، — دېدىم مەن كارمېنغا.

— توغرا دەيسىز! — دېدى ئۇ.

ئورمانلىقتا بىرنەچچە سائەت دەم ئالغاندىن كېيىن، كارمېن ئۆزى يالغۇز گوسىنغا كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بىر پادىچى بالا بىزگە بولكا ئەكېلىپ بەردى. بىز ئورمانلىقتا يەنە بىر كېچە ـ كۈندۈز تۇردۇق.

بىز كارمېننىڭ خەۋىرىنى كۈتۈۋاتاتتۇق، ئەمما، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خەۋەر يوق ئىدى.

تاڭ ئاتقان ۋاقىتتا، بىر ئادەم ئىككى قېچىرنى ھەيدەپ كەلدى، قېچىر ئۈستىدە خېلى سالاپەتلىك بىر ئايال ۋە بىر قىز بار ئىدى، قىز بالا ئۇ ئايالنىڭ دېدىكىدەك

قىلاتتى.

گارسىيا بىزگە:

— قاراڭلار، مانا بىرسى بىزگە ئىككى قېچىر ۋە ئىككى ئايال ئەكېلىپ بەردى. ئەگەر قېچىر تۆت بولۇپ كەتكەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. بولدى، بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، — دېدى.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا، مىلتىقىنى ئېلىپ، چاتقاللارنىڭ ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، چىغىر يول بىلەن پەسكە قاراپ ماڭدى. «قىمارۋاز» بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتۇق.

بىز نىشانغا يېقىنلاشقان ۋاقتىمىزدا، يوشۇرۇنغان جايىمىزدىن سەكرەپ چىقىپ، قېچىر يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئادەمنى توختاشقا بۇيرۇدۇق.

قېچىر ئۈستىدىكى ئايال بىزنىڭ تۇيۇقسىز سەكرەپ چىققىنىمىزنى ھەمدە باشقىچە ياسىنىۋالغىنىمىزنى كۆرۈپ، تەمتىرەپ قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىلەر دۆت ـ كالۋالار، ئاچاڭلارنى بىزگە مال ئېلىپ كېلىۋاتقان ئادەم دەپ قاپسىلەر ـ دە!

بىرمۇنچە ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپتۇق، ئۇ ئەسلىدە كارمېن ئىكەن. ئۇنىڭ بۇنداق ياسىنىۋېلىشىدىن تونۇۋېلىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇ گەپ قىلمىغان

ياكى باشقا تىلدا سۆزلىگەن بولسا، ئۇنى ھەرگىز تونۇ-يالمىغان بولاركەنمىز.

كارمېن قېچىردىن سەكرەپ چۈشۈپ، «قىمارۋاز» ۋە گارسىياغا پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېدى، ئاندىن ماڭا:

— قۇشقىچىم، بىز ئۇچرىشىشقا يەنە پۇرسەت كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ سىز دارغا ئېسىلىشتىن ئىلگىرى بولىدۇ. مەن گىبرالتارغا سودا قىلغىلى بارىمەن، سىلەر تېزلا مېنىڭ خەۋىرىمنى ئاڭلايسىلەر، — دېدى.

كارمېن بىزگە بىر جاينى دەپ بەردى، بىز ئۇ يەرنى بىر پاناھگاھ قىلىپ، بىرنەچچە كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرا-لايتتۇق، ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ نىجاتكارىمىز ئىدى.

ناھايىتى تېزلا، بىز كارمېن ئەۋەتكەن پۇل ۋە پۇل-دىنمۇ قىممەتلىك بولغان بىر خەۋەرنى، يەنى:

«مەلۇم بىر كۈنى، ئەنگلىيىلىك ئىككى چوڭ باي گىبرالتاردىن يولغا چىقىپ، مەلۇم يول بىلەن گرېناداغا بارىدۇ» دېگەن ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋالدۇق.

تەگرى ئاتا قىلغان بۇ ياخشى پۇرسەتنى قانداقمۇ قولدىن بېرىپ قويغىلى بولسۇن؟! گارسىيا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تەشەببۇس قىلدى، «قىمارۋاز» بىلەن مەن بۇنداق قىلىشقا قارشى تۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن، بىز پەقەت ئۇلارنىڭ پۇلى بىلەن سائەتلىرىنى ۋە بەزى كى-يىملىرىنىلا ئېلىۋالدۇق. بۇ بىز ئۇچۇن ئىنتايىن زۆرۈر

بولغان نەرسىلەر ئىدى.

ئەپەندىم، بىلەمسىز، ئادەم يامان يولغا كىرىپ قې-لىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالىدىكەن. بىر گۈزەل قىز قەلبىڭىزنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان چاغدا، سىز ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ئۇرۇشقان، مۇشتلاشقان چاغلىرىڭىزدا، بېشىڭىزغا بالا ـ قازا كېلىپ، سىز تاغ ئىچىگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان چېغىڭىزدا، سىز بۇ-نىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تېخى ئېنىق ئاڭ-قىرالمىغان چېغىڭىزدا، ئاللىقاچان بىر ئەتكەسچىدىن بىر باندىتقا ئايلىنىپ كېتىدىكەنسىز.

ئىككى باينى بۇلىغاندىن كېيىن، بىز ئەمدى يەنە گىبرالتار ئەتراپىدا تۇرالمىدۇق، بەلكى يەنە تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق.

ئېسىمدە قېلىشىچە، سىز ماڭا خوسې مارىيە توغ-رىسىدا سۆزلەپ بەرگەنىدىڭىز. توغرا، مەن دەل ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇ يەردە تونۇشقان. ئۇ سىرتقا چىققاندا ھەمىشە ئاشنىسىنى ئېلىۋالاتتى، ئۇنىڭ ئاشنىسى ئىنتايىن گۈزەل، ۋاپادار، ئاددىي ـ ساددا، نازاكەتلىك، ئەزەلدىن نو-مۇسسىز سۆزلەرنى قىلمايدىغان، سەمىمىي ـ سادىق قىز ئىدى......

ئەمما، خوسې مارىيە ئۇنچىۋالا ياخشى ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئاشنىسىنى يەتكۈچە ئازابلايتتى. ئۇ

ھەممە يەردە خوتۇن ـ قىزلارغا كۆز سېلىپ، بىر ئاماللار بىلەن ئاشنىسىنى خورلايتتى، بەزىدە يەنە تېخى قەستەن كۆندەشلىك قىلاتتى. بىر قېتىم ھەتتا ئاشنىسىغا پىچاق سالغانىدى.

خوسى مارىيەنىڭ مۇنداق قىلغىنىنىڭ ئەكسىچە، ئۇ قىز ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئايالللار ئەزەلدىن مۇشۇنداق. ئاندالۇتسىيە ئاياللىرى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ قىز تېخى بىلىكىدىكى تاتۇقتىن ناھايىتى مەمنۇن بولاتتى، ھەمىشە ئۇنى بىر شەرەپلىك ئىش قاتارىدا كۆرۈپ ماختىناتتى.

خوسى مارىيە سودا ئىشلىرىدا ناھايىتى نامەردلىك قىلاتتى. بىر قېتىم بىز بىللە ھەرىكەت قىلغانىدۇق، ئۇ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپتۇكى، ھەممىدە ئۇ بىرلا ئادەم پايدا ئالدى، ئاۋارىچىلىك ۋە خەۋپ ـ خەتەر بىزگە قالدى.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، شۇنىڭدىن كېيىن بىز كارمېننىڭ خەۋىرىنى زادىلا ئالالمىدۇق. «قىمارۋاز»:

— بىرىمىز گىبرالتارغا بېرىپ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇشۇپ كېلەيلى، بەلكى ئۇنىڭ بىرەر يېڭى پىلانى بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭغۇ ئۇ يەرگە بەك بارغۇم بار، ئەمما، گىبرالتاردا مېنىڭ بەك نامىم چىقىپ كەتكەن، — دېدى.

يەكچەشمىمۇ ئارقىدىنلا:

— توغرا، مەنمۇ شۇنداق، ھەممەيلەن مېنى تونۇيدۇ. مەن ھەمىشە ئاشۇ ئەسكەرلەر بىلەن چاقچاقلىشاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن يەكچەشمە بولغاچقا، نىقابلانمىقىم ناھايىتى تەس.

— ئۇنداقتا، ئۇ يەرگە مەن بېرىشىم كېرەك ئىكەن ـ دە! — مەن دەرھال گەپنى تارتىۋالدىم. چۈنكى مەن كارمېن بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىش بولغاچقا، تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەنىدىم، — ئۇنداق بولسا، سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ، مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟

ئۇلار ئىككىسى ماڭا:

— سەن پاراخوت بىلەن بارساڭمۇ بولىدۇ، ئايلىنىپ سان لوك بىلەن بارساڭمۇ بولىدۇ، ئۆزۈڭ قاراپ بىر ئىش قىلارسەن. گىبرالتارغا بارغاندىن كېيىن، پرىستاندا كىشىلەردىن «بودەك بالا» لەقەملىك ئايال شاكىلات سودىگىرىنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى سورا. ئۇنى تاپساڭ، ئۇ ساڭا ئۇياقتىكى ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنلا، بىز ھەرىكەتنى باشلىدۇق. تاغ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇلار ئىككىسى قالدى، مەن باققالچە ياسىنىپ گىبرالتارغا ماڭدىم.

روندادا بىزنىڭ بىر ئادىمىمىز ماڭا پاسپورت بېجىرىپ

بەردى. گوسىندا بىرسى ماڭا بىر ئېشەك بەردى. مەن بىرئاز ئاپپىلسىن ۋە تاۋۇز قاچىلاپ يولغا چىقتىم.

مەن گىبرالتارغا بارغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ «بودەك بالا» نى ناھايىتى ئوبدان تونۇيدىغانلىقىنى بىلدىم. ئەمما بەزىلەر ئۇنى ئۆلدى دېيىشتى، يەنە بەزىلەر ئۇنى تۈرمىگە كىرىپ قالدى دېيىشتى. قارىغاندا، ئەسلىدە مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كارمېن بىلەن بىزنىڭ ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالغان ئىكەن.

مەن مېۋە ئارتىلغان ئېشەكنى بىر ئېغىلغا باغلاپ قويۇپ، ئاپپىلسىننى ئېلىپ شەھەر ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا قالايمىقان مېڭىپ يۈرۈشكە باشلىدىم، قىياپىتىم بىر باققالغىلا ئوخشايتتى. ئەمەلىيەتتە، مەن بىرەر تونۇشنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

گىبرالتار بۇ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەرخىل كىشىلىرى توپلىنىدىغان جاي ئىدى. كوچىدا ئون قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا خىلمۇخىل تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى.

مەن نۇرغۇن مىسىرلىقنى ئۇچراتتىم. ئەمما، مەن ئۇلارغا ئىشىنەلمىدىم. چۈنكى، مەن ئۇلارنى بىر سىناپ باقاي دېسەم، ئۇلارمۇ مېنى سىناپ باقماقچى بولاتتى. ھەممەيلەن بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى بولغاچقا، ئاغزىمىزدا دېمىسەكمۇ، كۆڭلىمىزدە بىلىشەتتۇق.

مەن كوچىدا بىكارغا ئىككى كۈن قاترىدىم. «بودەك بالا» نىڭ خەۋىرىنىمۇ ئاڭلىمىدىم، كارمېن توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق بىرەر ئەھۋال ئۇقالمىدىم. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە مەن ئامالسىز بىرئاز نەرسە سېتىۋېلىپ، قونالغۇغا قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغ دەل كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان ۋاقىت ئىدى، مەن كوچىدا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. تۇيۇقسىز، مەن تۇرغان يەرنىڭ ئۈستىدىكى ئۆيدىن چىقىۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم:

— ھەي، ئاپېلسىن ساتقۇچى.... — مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، كارمېننىڭ ئۇ ئۆينىڭ بالكونىدا بىر قىزىل كىيملىك ئوفىتسېر بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

ئۇ ئوفىتسېر ئالتۇن رەڭلىك پاگون تاقىغان، بۇدۇر چاچلىق، ناھايىتى سالاپەتلىك ئىدى. كارمېنمۇ ناھايىتى پۇزۇر كىيىنگەن، ئېسىل يېپىنچا ئارتقان، ئالتۇن قىسقۇچ قىسقان، ئۈستۈېشى ھەممىسى تاۋار - دۇردۇن ئىدى. ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكى ھەقىقەتەن تەس ئىدى!

ئۇ ئەنگلىيىلىك ئوفىتسېر ئىسپان تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەپ:

— ئۈستىگە چىق، خانىم ئاپېلسىن ئالىدىكەن، —

دېدى. كارمېنمۇ باسىك تىلىدا:

— تېز چىقىڭ، نېمىگە ئۇنچىۋالا ھەيران قالدى-سىز؟ — دېدى.

ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىش ھەقىقەتەن ھەيران قې-لىشقا ئەرزىمەيتتى. مەن ئاخىر ئۇنى تاپتىم. ئەمما، ھەقىقەتەن خۇشال بولۇشنى ياكى قايغۇرۇشنى زادىلا بىلمەي قالدىم.

ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىدە ناھايىتى بەستلىك، ئېگىز، بېشىغا ئۇپا چېچىلغان بىر ئەنگلىيىلىك چاكار تۇراتتى. ئۇ مېنى كاتتا بېزەلگەن بىر خانىغا باشلاپ كىردى.

كارمېن مېنى كۆرۈپلا باسىك تىلىدا:

— شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، سىز ئىسپان تىلىنى زادىلا بىلمەيدىغان ھەمدە مېنى تونۇمايدىغان بولۇۋې-لىڭ، — دېدى.

ئاندىن ئۇ ئەنگلىيىلىك ئوفىتسېرغە قاراپ:

— قانداق دېدىم، مەن ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋال-دىم، ئۇ باسىك. قاراڭە، ئۇ نېمىدېگەن غەلىتە سۆزلەيدۇ، تۇرقى نېمىدېگەن كالانپاي، توغرىمۇ! بەئەينى يېمەكلىك ئىسكىلاتىدىكى ئۇركۇپ كەتكەن مۇشۇك.

— ئەمىسە سىزچۇ؟ — دېدىم مەن چىداپ تۇرالماي باسىك تىلىدا، — سىز بىر نومۇسسىز جالاپ. ھازىرنىڭ ئۆ-زىدە مۇشۇ ئاشنىڭىزنىڭ ئالدىدىلا يۈزىڭىزنى تىلىۋەتسەممۇ

دەردىم چىقمايدۇ.

كارمېن كۈلدى، ئۇمۇ باسىك تىلىدا:

— قارالىڭ ئاشنام، كۈندەشلىك قىلىۋاتامسىز؟ سىز بۇ ئەخمەقتىن مېنى كۈنلەۋاتامسىز؟ سىز ھەقىقەتەن كالۋا ئىكەنسىز! كۆرمەيۋاتامسىز، بۇ ئەخمەقنىڭ تىللا-لىرى ھازىرلا مېنىڭ قولۇمغا ئۆتىدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇر-نىدىن يېتىلەپ كېتىۋاتىمەن، ئۇنى تاكى ئىككىنچىلەپ قايتا چىقالمايدىغان يەرگىچە يېتىلەپ ماڭىمەن.

— مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭ، — دېدىم مەن، — ئەگەر ئىككىنچى قېتىم يەنە مۇشۇنداق سودا قىلىدىغان بول-سىڭىز، مېنىڭمۇ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان ئامالىم بار!

— ئوھۇي، سىز مېنىڭ ئېرىممىدىڭىز، ماڭا ئۇن-داق بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان! پەقەت يەكچەشمە ياخشى دې-سىلا بولىدى، بۇنىڭ سىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ تېخى ئاشنام بولغىنىڭىزغىمۇ قانائەت قىلمايۋاتامسىز؟!

— ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟ — دېدى ئەنگلىيىلىك ئوفىت-سېر.

— ئۇ ئۇسساپ كېتىپتۇ، ئىچىملىك ئىچسەم، دەيدۇ، — دېدى كارمېن.

كارمېن شۇنداق دەپ بولۇپ، ئۆزىنى ساپاغا تاشلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئەپەندىم، بىلمەيسىز، ئۇ ئەنە شۇنداق قاقاقلاپ كۈ-

لۇپ كەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھەرگىز ھاجىتى قالمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلدۇق. ئەنگلىيىلىك ئوفىتسېرمۇ تەلۋىلەرچە قاقاقلاپ كۈلۈپ، چاكىرىغا ئىچىملىك ئەكىلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

مەن ئىچىملىك ئىچىۋاتقان چاغدا، كارمېن ماڭا:

— ئۇنىڭ بارمىقىدىكى ئاۋۇ چوڭ ئۈزۈككە قاراڭ، ئەگەر سىز ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى خالىسىڭىز، مەن ئۇنى سىزگە سوۋغا قىلىمەن، — دېدى.

مەن خاپا ھالدا:

— ياخشى، ئۇنداق بولسا، بۇ باينى تاغقا باشلاپ بېرىڭ، بىز ھەر بىرىمىز قولىمىزغا بىردىن ماجىرا (ئۈزۈك) تاقايلى، — دېدىم. ئەنگلىيىلىك ئوفىتسېر بۇنى ئاڭلاپ:

— ماجىرا دېگەن نېمە ئۇ؟ — دېدى.

كارمېن كۈلۈپ كەتتى:

— ئۇ ئاپېلسىننىڭ بىر تۈرى. ئۇ سىزگە ماجىرا ئەكىلىپ بېرەيمۇ، دەيدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئەنگلىيىلىك، — بەك ياخشى بولدى، ئەتە بىرئاز ئەكىلىپ بەر!

بىز شۇنداق دېيىشىۋاتقان ۋاقىتتا ئەنگلىيىلىكنىڭ چاكىرى كىرىپ تاماق تەييار بولدى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن

ئەنگلىيىلىك ماڭا بىر تەڭگە بەردى. ئاندىن خۇددى ئۆزى ماڭالمايدىغاندەك، بىلىكىنى كۆتۈرۈۋىدى، كارمېن ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېلىپ ماڭدى.

كارمېن توختىماي كۈلەتتى، ئۇ كېتىۋېتىپ، ماڭا:

— هوي، مەن بۈگۈن سىزنى بىللە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلالمايمەن. ئەمما، ئەتە سىز ھەربىي پاراتتا چېلىنغان دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال ئا-پېلسىن ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىڭ. ئۇ چاغدا سىزگە بىر ياتاق ھازىرلانغان بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى جاھازلار چىراغ كوچىسىدىكىدىن كۆپ ئېسىل. ئۇ چاغدا، سىز مېنىڭ ئەسلىدىكى كارمېن ئىكەنلىكىم ياكى ئەمەسلىكىمگە بىر قاراپ بېقىڭ. ئىشىمىز تۈگىگەندىن كېيىن، ئاندىن مىسىردىكى سودا توغرىسىدا سۆزلىشىمىز.

مەن باشقا گەپ قىلالمايلا قالدىم. شۇڭا، كوچىغا يېنىپ چىقتىم. ھېلىقى ئەنگلىيىلىك ئارقامدىن:

— ھەي، ئەتە ھېلىقى ئاپېلسىننى ئەكېلىشنى ئۇنتۇما، — دەپ ۋارقىرىدى.

يەنە كارمېننىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنى ئاڭلاندى.

مەن ئىشىكتىن چىققان پېتى ئارقامغا قارىماي ئۇدۇل مېڭىپ كەتتىم. ئەمما، زادى نېمە قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

شۇ كېچىسى زادىلا ياخشى ئۇخلىيالمىدىم. تاكى

ئەتىسى سەھەردىمۇ يەنە بۇ شاللاق، بوزۇق خوتۇنغا بول-غان ئاچچىقىم يانمىغانىدى. مەن ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمايلا دەرھال گىبرالتاردىن كېتىش نىيىتىگە كەلدىم.

ئەمما، بىرىنچى دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا مېنىڭ غەيرەت-جاسارىتىم نەگە كەتتىكىن بىلمەيلا قالدىم. مەن ئاپپىلسىن قاچىلانغان سېۋەتنى يۇدۇپ، كارمېن تۇرغان جايغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردۈم.

ئۇ تۇرغان خانىنىڭ پەنجىرىسى قىيا ئېچىلغانىدى، مەن ئۇنىڭ يوغان قارا كۆزلىرىنىڭ مېنىڭ يولۇمغا قاراپ تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

ھېلىقى چېچىغا ئۇپا چېچىۋالغان چاكار دەرھال چىقىپ ماڭا يول باشلىدى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، كارمېن ئۇنى چىقىرىۋەتتى.

ئۆيدە پەقەت ئىككىمىزلا قالغان ۋاقىتتا، كارمېن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئېتىلىپ كېلىپ بوينۇمدىن قۇچاقلىۋالدى.

مەن ئۇنىڭ بۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتكىنىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ بەئەينى بۇۋى مەريەمگىلا ئوخشايتتى. ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىدىكى جاھازلار تاۋار-دۇردۇنلار بىلەن بېزەلگەنىدى. دېرىزە پەردىسىمۇ ئاجايىپ چىرايلىق كەشتىلەنگەنىدى. ئەمما، مېنىڭ پۈتكۈل تۇرق-سىياقىم بەئەينى بىر باندىت ئىدى.

— قوزام، جىگەرىم، — دېدى كارمېن، — مېنىڭ ھازىرلا بۇ يەرگە ئوت قويۇپ كۆل قىلىۋېتىپ تاغقا قېچىپ كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ.

ئاندىن ئۇ يەنە ئىنتايىن مېھرىبانلىق، قىزغىنلىق كۆرسەتتى، ئارقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ سەكرەيتتى، كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلايتتى، بەزىبىر تەلۋە مايمۇنلاردەك سەكرەيتتى، كەپسىزلىك بىلەن شەيتانلىق قىلىپ، چىرايىنى ھەر خىل پۈرۈشتۈرەتتى، شوخلۇق قىلاتتى، قىزىقچىلىق قىلاتتى.

ئۇ قىلىدىغانلىرىنى قانغۇچە قىلىۋالغاندىن كېيىن، جىددىي تۇردە:

— ھوي، قۇلاق سېلىڭ، بۇ مىسىردىكى چولڭ سودىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. مەن ئۇنىڭدىن مېنى رونداغا ئاپىرىڭ، ئۇ يەردە موناستىردا بىر ئاچام بار دەپ تەلەپ قىلىمەن. ئۇ يەرگە بېرىشتا بىر يەردىن ئۆتۈش كېرەك، بۇنىڭ تەپسىلاتىنى مەن كېيىن سىزگە ئېيتىپ بېرىمەن. شۇ چاغدا، سىز ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ يانچۇقىنى پۇتۇنلەي قۇرۇقداپ قويىسىز، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاڭ.

ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، رەزىل بىر قىياپەت بىلەن كۈلۈپ، يەنە:

— قانداق قىلىشنى بىلەمسىز؟ سىز يەكچەشمىنى

ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزىڭىز ئارقىدىراق تۇرۇڭ. بۇ ئەنگلىيىلىك ئەبلەخ بىر قاپ يۇرەك، ھەرىكىتى تېز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇستا مەرگەن.... ئۇقتىڭىزمۇ؟....— دېدى.

ئۇ سۆزىدىن بىردىنلا توختاپ، يەنە قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇ كۇلكىسى كىشىنى شۇركۇندۇرەتتى.

— ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدىم مەن.

مەن گەرچە گارسىياغا ناھايىتى ئۆچ بولسامۇ، لېكىن ئۇ بىزنىڭ شېرىكىمىز. مەن ھامان بىر كۇنى سىزنى ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرىمەن. بىراق، مەن ئۆز يۇرتۇمنىڭ قائىدە-يوسۇنى بويىچە ئىش قىلىشىم كېرەك. مېنىڭ سىلەرنىڭ سېپىڭلارغا قېتىلىپ قېلىشىم پۇتۇنلەي تاسادىپىيلىق، بىر ئىلاجسىزلىق، قانداقلا بولمىسۇن، مەن يەنىلا ناۋاررالىق بىر ئەزىمەت.

ئۇ مېنىڭ گېپىمنى تارتىۋېلىپ:

— ھۇ كالۋا، ئەخمەق، ئۇ يات مىللەتتىن بولغان ئەبلەخ. سىز ئۆزىڭىزچە، ئاشۇنداق قىلسام مەرد ھېسابلىنىمەن دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ؟! سىز ئەسلىي مېنى زادىلا ياخشى كۆرمەيسىز، بولدى، يولىڭىزغا مېڭىڭ.

ئۇ مېنى ئاۋۋال يولغا چىقىشقا، ھازىرلا يولغا چىقىپ تاغقا قايتىپ بېرىپ، شۇ يەردە بۇ ئەنگلىيىلىكنىڭ بېرىشىنى كۇتۇشكە بۇيرۇدى، ئۆزىنىڭ ئاۋۋال كېسەل

بولۇۋېلىپ، ئاندىن گىبرالتاردىن كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەمما، مەن دەرھاللا ماڭمىدىم، مەن گىبرالتاردا يەنە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدىم. كارمېن ھەقىقەتەن قاپ يۈرەك ئىكەن، ئۇ ئىقابلىنىپ مەن تۇرغان سارايغا كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشۈپ كەتتى.

ئاندىن مەن ماڭدىم. ئەمما، مەن ماڭىدىغان چاغدا ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدىم.

مەن بىز كېلىشىۋالغان جايغا بېرىپ، «قىمارۋاز» بىلەن گارسىيانى تاپتىم. بۇ چاغدا مەن ھېلىقى ئەنگلىيىلىك ۋە كارمېن ئۆتىدىغان ئورۇن ۋە ۋاقىتنى ئىگىلەپ بولدۇم.

بىر كۈنى كېچىسى، بىز بىر ئورمانلىقتا تۈنىدۇق. بىز قارىغاي مېۋىسى بىلەن ئوت قالىدۇق، ئوت گۈرۈلدەپ كۆيۈپ كەتتى. مەن گارسىياغا قارتا ئوينايلى دېدىم، ئۇ قوشۇلدى. ئىككىنچى قول ئويناۋاتقاندا مەن ئۇنى ساختىلىق قىلدىڭ، دېدىم. ئۇ پەقەت ھېجىيىپلا تۇراتتى، مەن قارتىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتتىم.

گارسىيانىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئۇ قوپۇپ مىلتىقىنى ئالماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭ مىلتىقىنى دەسسىۋالدىم. مەن:

— ئاڭلىسام، سەن خەنجەرنى خۇددى مالاگالىق جانبازلاردەك ئوينىتىدىكەنسەن، مەن بىلەن بىر سىنىشىپ

باقامسەن؟ — دېدىم.

«قىمارۋاز» ئىككىمىزنى ئاجرىتىۋالماقچى بولدى. بۇ چاغدا مەن گارسىياغا بىرقانچە مۇشت ئېتىۋەتكەندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچچىقىدا خەنجىرىنى چىقاردى.

بىز ئىككىمىز «قىمارۋاز»غا چەتكە چىق، سورۇننى بوشات دەپ ۋارقىراپ، يېڭىش - يېڭىلىشنى ئايرىماقچى بولدۇق.

«قىمارۋاز» ئۆزىنىڭ بىزنى ھەقىقەتەن توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

گارسىيا خۇددى چاشقانغا ئېتىلىش ئالدىدىكى مۇشۈكتەك تۈگۈلۈپ تەييارلاندى. ئۇ خەنجەردىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن سول قولىغا قالپىقىنى ئېلىۋالدى - دە، ئوڭ قولىغا خەنجىرىنى ئېلىپ ماڭا قاراپ قىستاپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىنىڭ ئاندالۇتسىيلىكلەرنىڭ ئېلىشىش قىياپىتى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

مەن بولسام بىز ناۋاررالىقلارنىڭ ئېلىشىش قىياپىتى بىلەن ئۇدۇل تەرەپتىن ئۇنىڭغا قارشى كەلدىم.

مەن سول پۇتۇمنى ئالدىغا چىقىرىپ، سول قولۇمنى ئېگىز كۆتۈردۈم - دە، خەنجەرنى ئوڭ يوتامغا تىرەپ تۇتۇۋالدىم. مەن ئۆزۈمنى گىگانت ئادەمدىنمۇ قۇدرەتلىك

ھېس قىلاتتىم.

گارسىيا خۇددى كىرىچىدىن چىققان ئوقيادەك ماڭا ئېتىلىپ كەلدى. مەن سول پۇتۇمنى بىرلا ئايلاندۇرۇۋې‑دىم، ئۇنىڭ ھۇجۇمى بىكار كەتتى، مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ كانىيىغا خەنجەرنى سالدىم. بەك كۈچ بىلەن ئۇرغان ئىكەنمەن، قولۇم ئۇنىڭ ئېڭىكىگە تاقى‑شىپ ئاندىن توختىدى.

خەنجەرنى كۈچ بىلەن بىر قوچۇغانىدىم، ئۇنىڭ كانىيىدىلا سۇنۇپ كەتتى.

ھەممە ئىش تۈگىدى. ئۇنىڭ كانىيىدىن قان فون‑تاندەك ئېتىلىپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن خەنجەرنىڭ سۇنۇپ قالغان ئۇچىمۇ قان بىلەن ئېتىلىپ چىقتى. ئارقىدىن ئۇ قان ئىچىگە يىقىلىپ چۈشتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دېدى «قىمارۋاز» ماڭا.

— ئاڭلا، —دېدىم مەن، — بىز ئىككىمىز بىرگە تۇرالمايمىز. مەن كارمېننى ياخشى كۆرىمەن، مەن ئۇ‑نىڭغا ئۆزۈم يالغۇز ئىگە بولۇشۇم كېرەك. گارسىيا بىر مۇناپىق. مەن ئۇنىڭ رېموندادۇغا قىلغان زەھەرخەندىلى‑كىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن. بولدى، ھازىر بىز ئىك‑كىمىزلا قالدۇق، بىز ھەر ئىككىلىمىز ئەزىمەتلەر، شۇنداقمۇ؟ دېگىنە، مەن بىلەن ھايات ـ ماماتلىق دوست بولۇشنى خالامسەن؟

«قىمارۋاز» ماڭا قولىنى ئۇزاتتى، ئۇ ھازىر 50 ياشتىن ئاشقان ئادەم ئىدى.

— ئەر ـ ئايالالر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇ شەخسىي دوستلۇقلار قۇرۇسۇن! — دېدى ئۇ، — ئەگەر سەن ئۇ- نىڭدىن كارمېننى تەلەپ قىلساڭ، بىر تەڭگە بەرسەڭلا بولدى، ئۇ كارمېننى ساڭا ئىككى قولالپال بېرىۋېتەتتى. ھازىر بىز ئىككىمىزلا قالدۇق، ئەمدى ئەتىكى ئىشنى قانداق قىلىمىز؟

— ئۆزۈم يالغۇز بارىمەن، — دېدىم مەن تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن، — ھازىر مېنىڭ نەزەرىمدە بۇ دۇنياغىمۇ ئورۇن يوق.

«قىمارۋاز» بىلەن ئىككىمىز گارسىيانى كۆمۈپ قويغاندىن كېيىن، قونالغۇمىزنى 200 قەدەم نېرىغا يۆتكەپ كەتتۇق.

ئىككىنچى كۈنى، ھېلىقى ئەنگلىيىلىك كارمېن بىلەن كەلدى، ئۇالر يەنە ئىككى ئات باقار ۋە بىر چا- كارنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى.

مەن «قىمارۋاز» غا:

— مەن ئاۋۇ ئەنگلىيىلىككە تاقابىل تۇراي، سەن قالغانلىرىنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەت، ئۇالرنىڭ قولىدا قورال يوق ئىكەن، — دېدىم.

ئۇ ئەنگلىيىلىك ھەقىقەتەن ناھايىتى باتۇر نىمىكەن،

ئەگەر كارمېن ئۇنى ئىتتىرىۋەتمىگەن بولسا، ئۇ ئېھ-تىمال مېنى ئېتىۋېتەر ئىكەن.

نېمىلا بولمىسۇن، مەن شۇ كۇنى كارمېننى قاي-تىدىن قولۇمغا ئالدىم. مەن ئۇنىڭغا دەسلەپ قىلىپ:

— ئەمدى بىر تۇل خوتۇن بولۇپ قالدىڭىز، — دېدىم.

ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ جەريانىنى ئۇققاندىن كېيىن، ماڭا:

— سىز مەڭگۇ بىر كالۋا ئادەم! گارسىيا سىزنى ئۆلتۈرىۋەتكەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. سىز-نىڭ ماھارىتىڭىز ھەقىقەتەنمۇ بەك تۆۋەن، ئۇ نۇرغۇن ئەزىمەتلەرنى جەھەننەمگە ئۇزىتىۋەتكەن، بىلەمسىز؟ ھەي، ئۇنىڭ پەيمانى توشۇپ قالغان بولسا كېرەك. توختاپ تۇرۇڭ، سىزنىڭمۇ توشۇپ قالدى، — دېدى.

— ئەگەر ماڭا خوتۇن بولۇشنى خالىمىسىڭىز، سىزنىڭمۇ پەيمانىڭىز توشىدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— ئۇنداقتا بەك ياخشى بولىدىكەن، — دېدى ئۇ قىلچە بوش كەلمەي، — مەن قەھۋە تىرىپىدىن بىز ئىككىمىزنىڭ بىراقلا تۈگىشىدىغانلىقىمىزنى نەچچە قېتىم كۆرگەن. بولدىلا، بۇ بالا ـ قازادىن قېچىپ قۇ-تۇلۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئاندىن ئۇ شاقىلدىقنى ئۇرۇپ شاقىلداتتى. مەن

ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ تىت ـ تىت بولغان چاغدا ھەمىشە مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

شۇنداق قىلىپ، بىز ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل داۋاملاشتى. «قىمارۋاز» بىلەن ئىككىمىز ئۆز توپىمىزغا يەنە بىرقانچە كىشىنى قوشۇۋالدۇق، بۇ كىشىلەر بۇرۇنقىلاردىنمۇ ئىشەنچلىك ئىدى.

بىز ئاساسلىقى ئەتكەسچىلىك قىلاتتۇق. ئەمما، راستىنى ئېيتقاندا، بەزىدە يەنە مۇھىم ئۆتكەللەردە يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلاتتۇق. بىراق، بۇ پەقەت جان تۇمشۇقۇقا كېلىپ قالغان، زادىلا ئامال قالمىغان چاغدا قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان ئىشىمىز ئىدى. ئەمما، ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بىز ئەزەلدىن يولۇچىلار، كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولمايتتۇق، پەقەت مېلىنىلا بۇلىۋالاتتۇق.

بىرقانچە ئايدىن بېرى، كارمېندىن ناھايىتى رازى بولدۇق. ئۇ يەنىلا داۋاملىق بىزگە خەۋەرچىلىك قىلىپ بەردى، ئەقىل كۆرسەتتى، ناھايىتى ياخشى رول ئويناپ كەلدى.

ئۇ ھەمىشە تۇيۇقسىز پەيدا بولاتتى، يەنە تۇيۇقسىز يوقاپ كېتەتتى. بىردەم مالاگادا، ھېلى كوردوۋادا، ھېلى گرېنادادا پەيدا بولاتتى. ئەمما، مېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈم

بىلەنلا ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي ئىككىمىز كېلىشۋال-
غان شەھەر سىرتىدىكى بىر خىلۋەت سارايغا مېنى
ئىزدەپ كېلەتتى، بەزىدە بىز دالادا چېدىردا قونۇپ قالات-
تۇق.

بىر قېتىم، مەن ئۇنىڭدىن بىرئاز خاتىرجەم بولال-
ماي قالدىم. چۈنكى، ئۇ يەنە بىر چوڭ باينىڭ پېيىگە
چۈشكەنىدى. ئۇ يەنىلا گىبرالتاردا ئىشلەتكەن كونا
ھۈنىرىنى قايتا ئىشقا سالماقچى بولۇۋاتاتتى.

بۇ نۆۋەت مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشنى
خالىمىدىم. مەن «قىمارۋاز» نىڭ ھە دەپ نەسىھەت قى-
لىشىغا قارىماي، دەرھال مالاگاغا باردىم. مەن كارمېننى
تېپىپ، ئۇنى دەرھال قايتۇرۇپ كەلدىم. بىز قاتتىق
سوقۇشتۇق.

— بىلەمسىز؟ — دېدى ئۇ ماڭا، — مەن سىزنىڭ
خوتۇنىڭىز بولغاندىن بېرى، مەن ئەمدى سىزنى ئانچە
ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىم. يەنىلا ئاشنام بولغىنى-
ڭىزغا يەتمەيدىكەن. مەن باشقىلارنىڭ ماڭا يېپىشىۋې-
لىشىنى، بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ مېنى ئىدارە قىلىشىنى
خالىمايمەن. ماڭا ئەركىنلىكلا كېرەك، نېمە قىلغۇم كەل-
سە شۇنىلا قىلىمەن. ئەمما، ئېھتىيات قىلىشىڭىز كې-
رەككى، مېنى قىستاپ، مەجبۇرلاپ قويماڭ. بولمىسا،
قايسىبىر كۈنى سىز مېنى بىزار قىلىدىغان بولسىڭىز،

خۇددى سىز ئىلگىرى يەكچەشمىنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن-
دەك، مەن يەنە بىر نوچىنى تېپىپ، سىزنىڭ ئەدىپە-
ڭىزنى بېرىمەن.

«قىمارۋاز» ياخشى نىيەت بىلەن بىزنى ئەپلىشىپ
قېلىشقا نەسىھەت قىلدى. ئەمما، بىز ھەر ئىككىلىمىز
بەزى چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن گەپلەرنى قىلىپ قوي-
غانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ ئىشلارنى كۆڭلىمىزدىن چىقى-
رىۋېتەلمەيتتۇق.

ئۇزۇن ئۆتمەي بېشىمىزغا بالا ـ قازا كەلدى. ھۆكۈ-
مەت ئارمىيىسى تۇيۇقسىز بىزگە ھۇجۇم قوزغىدى. «-
قىمارۋاز» غا ئوق تېگىپ ئۆلدى، يەنە ئىككى شېرىكى-
مىزمۇ ئۆلدى، ئىككى شېرىكىمىز قولغا چۈشۈپ قال-
دى.

مەنمۇ ئېغىر يارىلاندىم، بەختىمگە ئاشۇ ياخشى ئې-
تىم بار ئىكەن، بولمىسا، ئەسكەرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ
قالاتتىم.

بىز بىر ئورمانلىقتا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدۇق، يې-
نىمدا پەقەت بىرلا شېرىكىم قالغانىدى، مەن ھېرىپ
ھالىمدىن كەتكەنىدىم، بەدىنىمدە يەنە بىر تال ئوقمۇ بار
ئىدى. ئاتتىن چۈشكەن چېغىمدا بەدىنىم ئېغىرلىشىپ،
زادىلا ئۆزۈمگە بويسۇنمايتتى. مەن مۇشۇ چاتقاللىق ئىچىدە
ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپمۇ قالدىم.

شېرىكىم مېنى ئۆزىمىزگە تونۇش بىر ئۆڭكۈرگە ئەكىرىپ ياتقۇزدى، ئاندىن بېرىپ كارمېننى تېپىپ كەلدى.

شۇ چاغدا، كارمېن گرېنادادا ئىكەن، خەۋەرنى ئاڭ-لاپلا كەپتۇ. ساق يېرىم ئاي ئىچىدە ئۇ يېنىمدىن زادىلا ئايرىلمىدى.

ئۇ ئەتىگەندىن-كەچكىچە تىنماي، ئالدىراشلا يۈ-رەتتى. ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئاشۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز غەمخورلۇقى، كۆيۈنۈشى، مېھرىبانلىقى باشقا ھېچقانداق بىرەر ئايالنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى.

مەن ئاخىر ئۆرە تۇرالىغۇدەك بولدۇم. ئۇ مېنى ئى-قابلاپ، مەخپىي ھالدا گرېناداغا ئېلىپ باردى. مەن بىر ئۆيدە ئالتە ھەپتە تۇردۇم. بۇ ئۆي بىلەن مېنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن سوتچىنىڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئىككىلا ئۆي بار ئىدى. مەن نەچچە قېتىم پەنجىرىدىن ئۇ سوتچىنىڭ كىرىۋاتقان-چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم.

سالامەتلىكىم ئاخىر ئەسلىگە كەلدى. ئەمدى مېنى يەنە كارىۋاتتا يېتىۋەر دېسە، مەن ھەرگىز ياتالمايتتىم. قايتا-قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق مەن تۇرمۇش ئۇسۇ-لۇمنى ئۆزگەرتىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم.

مەن كارمېنغا ئىسپانىيىدىن كېتىش ئويىدا بولۇ-

ۋاتقانلىقىمنى، يېڭى بىر دۇنياغا بېرىپ يۈز ـ ئابرۇي بىلەن ياشاشنى خالايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ئويلىمىغان يەردىن كارمېن مېنى مەسخىرە قىلدى:

— بىز ئەزەلدىن ئۆزىمىز ئىشلەپ جان باقالايدىغانلاردىن ئەمەس. بىزنىڭ تەقدىرىمىز، جۈملىدىن سىز ۋە مېنىڭ تەقدىرىم باشقىلارغا تايىنىپ ياشاش تەقدىرىدۇر. ھازىر مەن گىبرالتاردىكى ناتان بىن يۈسۈپ بىلەن بىر سودىنى سۆزلىشىپ قويدۇم. ئۇنىڭ قولىدا بىر بۆلۈك پاختا رەخت بار ئىكەن. ئۇ سىزنىڭ بېرىپ ئۇ ماللارنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. ئۇ سىزنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلىدى، ئۇنىڭ ئىشى سىزگىلا قاراشلىق بولۇپ قالدى. ئەگەر سىز ئىشەنچنى يەردە قويىدىغان بولسىڭىز، بىزنىڭ يۈزىمىز چۈشىدۇ.

نېمە ئامال بولسۇن، مەن ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىپ، يەنە ئاشۇ رەزىل، شەرمەندە سودىنى قىلىشقا باشلىدىم.

مەن گرېنادادا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمدا بۇقا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى بولۇۋاتاتتى، كارمېن ئويۇن كۆرۈشكە باراتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھە دەپ لۇكاس ئىسىملىك بىر بۇقا سوقۇشتۇرغۇچى توغرىسىدا سۆزلەپ كېتەتتى، ئۇنى بەك قالتىس، ماھارىتى ئاجايىپ يۇقىرى ئىكەن، دەپ ماختاپ كېتەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئېتىنىڭ

ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كەشتىلەنگەن چاپىنىنىڭ قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى.

شۇ چاغدا بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلماپتىمەن. ئەمما، بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مېنىڭ يېنىمدىكى شېرىكىم كىچىك خۇئان ماڭا ئۆزىنىڭ كارمېن بىلەن ھېلىقى لۇكاس ئىسىملىك بۇقا سوقۇشتۇرغۇچىنىڭ ساكاتاندىكى بىر سارايغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆر-گەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

مەن زادى تۇرالمايلا قالدىم. مەن كارمېندىن:

— بۇ زادى نېمە ئىش، سىز ئۇ بۇقا سوقۇشتۇر-غۇچى بىلەن قانداق تونۇشقان، سىلەرنىڭ مۇناسىۋەت-تىڭلار زادى قانداق؟ — دەپ سورىدىم.

— ھۇ، بۇ شۇمتەكنى، — دېدى كارمېن، — مەن بىر سودا ئىشى بىلەن بىرەر چارە تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرىمەن، بىرنەرسە شاراقشىغاندىكىن، ئۇ ياكى پۇل، يا بولمىسا تاش. ئۇنىڭ كۈنى بەك ئوبدان، ئۇ بۇقا سوقۇشتۇرۇش مەيدانىدا 1200 رىيال كۈمۈش تەڭگە تاپىدۇ. ئۇنى بوش قويۇۋەتكىلى بولامتىمۇ؟ ھازىر ئالدىمىزدا ئىككى يول بار، بىرى، ئۇنى بۇلاش، يەنە بى-رى، ئۇنى ئۆزىمىزگە تارتىپ، سېپىمىزگە قېتىۋېلىش. ئۇ بىر ئۇستا چەۋەنداز، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان نوچى. ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەيلا دەپ قالدى.

سىزگىمۇ ئادەم لازىم، مېنىڭچە، ئۇنى ئۆزىڭىزگە قو-
شۇۋېلىڭ.

— ماڭا ئۇنىڭ پۇلىمۇ ھەم ئۆزىمۇ لازىم ئە-
مەس، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىزنىڭ
ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىڭىزغا يول قويماي-
مەن.

— سىز كاللىڭىزدىن ئېھتىيات قىلىڭ، — دېدى
ئۇ، — ئەگەر سىز بۇ ئىشنى زادى قىلدۇرمايمەن دەيدى-
كەنسىز، مەن بۇ ئىشنى قىلغىنىم قىلغان.

بەختكە يارىشا، بۇ چاغدا ھېلىقى بۇقا سوقۇشتۇر-
غۇچى مالاگاغا كەتكەن ئىكەن. مەن ھېلىقى پاختا
رەختنى سېتىۋېلىش ئۇچۇن پۇت - قولۇم يەرگە تەگمەي
ئالدىراش يۈرەتتىم. كارمېنمۇ مەن بىلەن بىللە ئالدى-
راش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ لۇكاسنى ئۇنتۇپلا
كەتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن كارمېنمۇ ئېھتىمال ئۇنى
ئۇنتۇپ كەتتى، ھېچبولمىغاندا ۋاقتىنچە بولسىمۇ شۇن-
داق دەپ ئويلايتتىم.

مەن ئەنە شۇ چاغدا سىز بىلەن ئۇچراشقانىدىم ئە-
پەندىم، ئاۋۋال مونتىلىيادا، كېيىن كوردوۋادا.

شۇ چاغدا كارمېن سىزنىڭ سائىتىڭىزنى ئوغرىلى-
ۋالغان، يەنە سىزنىڭ ئۈزۈكىڭىزنىمۇ ئوغرىلىماقچى
بولغان. ئۇ: «ئۇ بىر سىرلىق ھالقا، ئۇنى ئېلىۋالساق

كۆپ ئىشقا ئەسقاتىدۇ» دېگەن. بىز بۇ ئىش سەۋەبىدىن قاتتىق جېدەللىشىپ قالغان.

بۇ ئىش سەۋەبىدىن ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ قاتتىق يىغلىغان. مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرمە- گەنىدىم. مەن قورقۇپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنگەن بولساممۇ، ئۇ ماڭا بىر كۈن قېيىدىدى، ھەتتا مەن مونتىلياغا ماڭغاندىمۇ مەن بىلەن سۆيۈشۈپ خوشلاشمىدى.

بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم ئىنتايىن بىئارام بولدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، ئۇ ئۆزى كېلىپ مېنى ئىزدىدى، ئۇ ناھايىتى خۇشال، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى، خۇددى ھېچقانداق ئىش بولمى- غاندەك ئىدى.

شۇڭا، بىز يەنە ئەمدىلا مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئا- شىق ـ مەشۇقلارغا ئوخشاپلا قالدۇق.

ئايرىلىدىغان چاغدا، ئۇ ماڭا:

— كوردوۋادا بىر كاتتا مەرىكە بولىدۇ، مەن بېرىپ كۆرۈپ كەلمەكچىمەن. ئەگەر ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ يانچۇقىدا كۆپ پۇلى بولسا، مەن سىزگە خەۋەر قىلى- مەن، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ بېرىشىغا قوشۇلدۇم. ئۆزۈم يالغۇز قېلىپ، كارمېنىنىڭ ئۆزگىرىشچان ھاۋا رايىدەك مىجەزىنىڭ سە-

ۋەبلىرى ئۈستىدە ئويلاندىم.

ئۇ مەندىن ئەمدى ئۆچىنى ئېلىپ بوپتۇ، — دەپ ئويلىدىم مەن، — شۇڭا، ئۇ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە مېنى ئىزدەپ كەپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، مەن كوردوۋادا بۇقا سوقۇشتۇرۇش مۇسابىقىسى بولىدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم.

بىردىنلا غەزىپىم ئۆرلەپ، قېنىم قايناپ تاشتى، بەئەينى بىر ساراڭنىڭ ئۆزىلا بولدۇم. مەن دەرھال كوردوۋادىكى بۇقا سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا باردىم.

مەن باشقىلاردىن سوراپ، بۇقا سوقۇشتۇرغۇچى لۇكاسنىڭ قايسىلىقىنى بىلىۋالدىم. مەيداندىكى رىشاتكىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا كارمېن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىغا بىر قاراپلا، ھەممىنى چۈشەندىم.

— بەللى، لۇكاس! دەل ئويلىغىنىمدەك بوپتۇ، — دە!

تۇنجى بۇقا مەيدانغا چىققاندا، لۇكاس ئۆز ھەممەتىنى كۆرسىتىپ، بۇقىنىڭ ئۈستىدىن ئېلىۋالغان تاۋار گۈلنى كارمېنغا تەقدىم قىلدى، كارمېن بولسا بۇ گۈلنى شۇئان چېچىغا تاقىۋالدى.

بىراق، ھېلىقى بۇقا مېنىڭ ئۆچۈمنى ئېلىپ بەردى. بۇقا لۇكاسنىڭ كۆكرىكىگە قاتتىق ئۈستى، ئۇ ئوڭدىسىغا يىقىلدى، بۇقا ئۇنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا كارمېنغا قارىسام، ئۇ ئەمدى ھېلىقى ئورنىدا يوق ئىدى. ئەمما، مەن ئورنۇمدىن قىستىلىپ چىقىپ ئۇنى ئىزدەپ بارالمايتتىم، شۇڭا، مۇسابىقە ئاخىرلاشقۇچە كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

ئاندىن مەن قايتىپ كېتىپ ئۇنى كۈتتۇم، تاكى كەچكىچە، ئاندىن يېرىم كېچىگىچە ساقلىدىم. تاڭ سەھەر سائەت ئىككى بولغاندىلا، كارمېن ئاندىن قايتىپ كەلدى.

ئۇ مېنى كۆرۈپ سەل ھەيران قالدى. مەن:

— مەن بىلەن قايتىپ كېتىڭ، — دېدىم.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

مەن ئاتنى ئەكەلدىم، ئۇ مېنىڭ كەينىمگە مىندى، بىز سىرتتا تاكى يېرىم كېچىگىچە ئايلىنىپ يۈردۇق، ئەمما بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدۇق.

تاڭ ئاتقاندا، بىز خىلۋەت بىر جايدىكى يېگانە بىر كىچىك سارايغا كەلدۇق، بۇ ساراي بىر كىچىك موناستىرغا ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى.

مەن كارمېنغا:

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، مەن ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەيمەن، سىزگە قۇرۇق گەپلەرنى قىلىشنىمۇ خالىمايمەن، ئەمما، ماڭا شۇ ھەقتە قەسەم بېرىشىڭىز كېرەككى، سىز مەن بىلەن بىللە ئامېرىكا

قىتئەسىگە بېرىشىڭىز كېرەك، ئۇ يەردە سىز ئۆزدىڭىزنى بىلىپ، ئۆز نېسىۋىڭىزگە شۈكۈر قىلىپ يۈرۈشىڭىز كېرەك.

— ياق، مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن، — دېدى ئۇ قىيىداپ، — مەن ئامېرىكا قىتئەسىگە بارمايمەن، مەن بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمەن.

— بۇ يەردە بولسام لۇكاسنىڭ يېنىدا تۇرالايمەن دەپ ئويلامسىز ـ قانداق؟ ئەمما، ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭ، ئۇ ھازىر قوتۇلۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇزۇن ياشىيالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈرۈشنىمۇ خالىمايمەن. سىزنىڭ ئاشنىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى قويماي ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ ماڭا نېمە پايدىسى، ئەمدى ئۆلتۈرسەم سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

ئۇ ماڭا ۋەھشىيلىك بىلەن قاراپ:

— مەن ھامان بىر كۈنى مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغىنىڭىزنى بىلىمەن، مەن سىزنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىشنىڭ ئالدىدا ئىشىك ئالدىدا بىر دىندار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇنۇگۈن ئاخشام بىز كوردوۋادىن چىقىۋاتقاندا سىز دىققەت قىلدىڭىزمۇ ـ يوق، بىر ياۋا توشقان ئېتىڭىزنىڭ پۇتلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇلار تەقدىر پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن ئىشلار.

— كارمېن، ئەمدى راستىنلا مېنى ياخشى كۆر-مەيدىغان بولۇپ قالدىڭىزما؟ — دېدىم مەن.

ئۇ ھېچنېمە دېمەي، بورا ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بورا ئۈستىگە بارماقلىرى بىلەن بىرنېمە-لەرنى سىزاتتى.

— نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ، كارمېن، — دەپ قاتتىق يالۋۇردۇم مەن ئۇنىڭغا، — بىز باشقا بىر يەرگە كېتەي-لى، ئۇ يەردە مەڭگۈ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلمايلى. سىز بىلىسىز، بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى دۇب دەرىخىنىڭ تېگىدە 120 ئونسىيە ئالتۇنىمىز بار. يەنە يەھۇدىي بىن يۇسۇپتە خېلى پۇلىمىز بارغۇ!

ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ، ماڭا:

— مەن ئاۋۋال كېتىمەن، سىز ئارقامدىن بېرىڭ. مەن بىزنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمىزنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغان، — دېدى.

— ئوبدان ئويلىنىڭ، مېنىڭ سەۋر - تاقىتىم ۋە غەيرىتىم تۈگىدى. تېز بىر قارارغا كېلىڭ، بولمىسا، مەن قەتئىي بىر قارارغا كېلىشكە مەجبۇر بولى-مەن، — دېدىم.

مەن سۆزۈمنى دەپ بولغاندىن كېيىن، چىقىپ ھېلىقى كىچىك موناستىرغا باردىم. موناستىردا بىر موناخ دۇئا - تىلاۋەت قىلىۋاتقان ئىكەن. مەن ئۇ دۇئا -

تىلاۋىتىنى تۈگەتكۈچە ساقلاپ تۇردۇم. ئەسلىدە مەنمۇ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلماقچى ئىدىم، ئەمما، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشنى بىلمەيتتىم. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم:

— پوپ، مەن سىزنىڭ ھالاكەت گىردابىدا تۇرۇۋاتقان بىر ئادەم ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتىم، — دېدىم.

— مەن ئازاب چېكىۋاتقان بارلىق بەندىلەر ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىمەن،— دېدى ئۇ.

— ھازىر، بىر روھ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كېتىشى مۇمكىن. مەن سىزنىڭ ئۇنىڭ روھى ھەققىدە بىر مىسا قىلىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— بولىدۇ، — ئۇ كۆزىنى مىدىرلاتماي ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

ئۇ ئېھتىمال مېنىڭ چىرايىمدىكى غەلىتىلىك، نورمالسىزلىقنى سەزگەن بولسا كېرەك، مېنى تېخىمۇ كۆپرەك سۆزلەشكە قىزىقتۇردى.

— سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟ — دېدى ئۇ.

مەن بىر كۈمۈش تەڭگىنى ئۇنىڭ ئورۇندۇقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ:

— سىز ماڭا قاچان مىسا قىلىپ بېرىسىز؟ —

دېدىم.

— يېرىم سائەت ئۆتسۇن، ئۇ تەرەپتە بىر كىچىك ساراي بار، ئۇنىڭ خوجايىنىنىڭ ئوغلى كېلىپ ماڭا ياردەملەشمەكچى ئىدى.

ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە:

— يىگىت، قېنى ماڭا ئېيتىڭا، كۆڭلىڭىزدە خاتىرجەم بولالمايۋاتقان بىرەر ئىش بارمۇ؟ سىز بىر خرىستىئان مۇخلىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاشنى خالامسىز؟ — دېدى.

كۆڭلۈم بىرقىسىملا بولۇپ قالغاندى، يىغلىغۇملا كېلەتتى. مەن دەرھال ئۇنىڭغا ھازىرلا كېلىمەن دېدىم-دە، غىپلا قىلىپ تىكىۋەتتىم.

مەن يۈگۈرۈپ بىر ئوتلاقتا بېرىپ، تاكى چېركاۋنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىنغۇچە ياتتىم.

مەن كىچىك چېركاۋغا باردىم-يۇ، لېكىن ئىچىگە كىرمىدىم، تاكى مىسا تۈگىگۈچە ساقلاپ، ئاندىن كىچىك سارايغا قايتىپ كەلدىم.

شۇ چاغدا، مەن كارمېننىڭ يىراققا قېچىپ كەتكەن بولۇشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلدىم. چۈنكى، مەن يېنىدا يوق چاغدا ئۇ مېنىڭ ئېتىمنى مىنىپ، تامامەن يىراققا قېچىپ كېتەلەيتتى.

ئەمما ئۇ كەتمىگەنىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۇنى مەندىن قورقتى دېيىشىنى خالىمايتتى.

مەن ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتكەن ئاشۇ ۋاقىت ئىچىدە ، ئۇ يوپكىسىنىڭ ئايىغىنى سۆكۈپ، ئۇ يەردىن بىر ئىنچىكە قوغۇشۇن چوكىنى ئېلىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن پىر ئوقۇۋاتقان ئىكەن، شۇڭا، مېنىڭ قايتىپ كەلگىنىمنى زادىلا سەزمىدى.

بىردەمدىن كېيىن، ئۇ يەنە ئەپسۇن ئوقۇپ، مارىيە پاترىيىنىڭ روھىنى چاقىردى.

مەن ئۇ چاقىرىۋاتقان ئەرۋاھنىڭ ئەسلىي دون پېرونىڭ ئاشنىسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مارىيە پاترىيىمۇ بوھېمىيىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ سېھىر ئىشلىتىشى بىلەن پادىشاھ دون پېرو ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويغان ئىكەن. مارىيە يەنە پادىشاھنىڭ خانىشىغا بىر ئالتۇن بەلۋاغ سوۋغا قىلغان ئىكەن، سېھىرلەنگەن پادىشاھنىڭ كۆزىگە بۇ بەلۋاغ ھەر قېتىم يىلان بولۇپ كۆرۈنۈپ، خانىشقا بارغانسېرى ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئىكەن.

— كارمېن، مەن بىلەن مېڭىڭ، بولامدۇ؟ — دېدىم مەن.

ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، قولىدىكى ھېجىرنى قويۇپ، ياغلىقىنى چىگىپ مەن بىلەن مېڭىشقا تەييار-لاندى.

ئات بۇرۇنلا تەييارلاپ قويۇلغانىدى، ئۇ مېنىڭ ئار-

قامغا مىندى، بىز كىچىك سارايدىن چىقىپ كەتتۇق.

— دېمەك، كارمېن، — دېدىم مەن بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا، — ھازىر مەن بىلەن مېڭىشقا رازى بولدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— ياق، مەن ئۆلۈشكە كېتىۋاتىمەن. شۇنداق، مېنىڭ ئەمدى سىز بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن رايىم قايتتى.

بىز داۋاملىق ماڭدۇق، بىر قاقاس تاغ جىلغىسىغا كەلگەندە مەن ئاتنى توختاتتىم.

— مۇشۇ يەردىمۇ؟ — ئۇ شۇنداق دەپ سورىغاچ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى.

ئۇ يۇزىنى پۈركىۋالغان ياغلىقنى تارتىپ ئېلىپ يەرگە تاشلىۋەتتى. بىر مۇشتىنى تۈگۈپ بېلىگە تىردىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ھالەتتە قىمىر قىلماي ماڭا قادىلىپ تۇردى.

— سىز مېنى ئۆلتۈرمەكچىغۇ؟ مەن بۇنى بۇرۇنلا بىلىپ يەتكەن، — دېدى ئۇ، — بۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئىش، ئەمما، سىز مېنى يول قويىدۇ دەپ ھەرگىز خام خىيال قىلماڭ.

— سىزدىن ئۆتۈنەي، — دېدىم مەن، — سىز بىلەمسىز، گېپىمنى ئاڭلاڭ. ئۆتكەنگە سالاۋات! بىلەمسىز، بۇنداق قىلسىڭىز مېنى ۋەيران قىلىسىز. كارمېن، مەن

سىزنى دەپ باندىت ۋە قاتىل بولدۇم. كارمېن، جېنىم كارمېنىم! مېنىڭ سىزنى، شۇنداقلا ئۆزۈمنى قۇتقۇزۇ-شۇمغا يول قويۇڭ.

— دون خوسى، — دېدى ئۇ، — بۇ سىزنىڭ مېنى مەجبۇرلىغىنىڭىز! مەن هازىر سىزنى ياخشى كۆرمەي-دىغان بولۇپ قالدىم، سىزدىن كۆڭلۇم قالدى، ئەمما، سىز يەنىلا مېنى سۆيۈۋاتىسىز، دەل شۇ سەۋەبتىن مې-نى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسىز. ئەلۋەتتە، هازىر مەن يالغان سۆزلەپ سىزنى ئالدىشىم مۇمكىن. ئەمما، مەن ئۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن. بىزنىڭ ئارىمىزدا دېيىد-شىدىغان هېچقانداق گەپ قالمىدى. شۇڭا، ئىشنى بى-راقلا تۈگەتكىنىمىز تۈزۈك. سىز مېنىڭ ئېرىم، سىز-نىڭ ئۆزىڭىزنىڭ ئايالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش هوقۇقىڭىز بار. ئەمما، كارمېن مەڭگۈ هۆر ئايال، ئۇ بۇ ئالەمدە هۆر ئىنسان بولۇپ ياشىغان بولسا، ئۇ ئالەمدىمۇ ئەركىن روهقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

— هازىرمۇ يەنىلا لۇكاسنى سۆيەمسىز؟ — دەپ سو-رىدىم مەن.

— شۇنداق. خۇددى مەن سىزنى سۆيگەندەك ئۇنىمۇ سۆيگەن، ئەمما، پەقەت بىر مەهەللا سۆيگەن، ئۇنى سىزنى سۆيگەندەك ئۇنداق چوڭقۇر سۆيمىگەن. هازىر قەلبىمدە پۈتۈنلەي سۆيگۈ يوق. مەن سىزنى سۆيگەنلىكىمدىن

ئۆكۈنۈۋاتىمەن.

مەن ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتتۇم، كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك تۆكۈلۈپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

مەن ئىككىمىز بىرگە ئۆتكۈزگەن گۈزەل چاغلارنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر سۆزلەپ ئەسلەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن يەنە داۋاملىق باندىت بولۇشقا ماقۇل بولدۇم. قىسقىسى، مەن ھەممىگە بىر ـ بىرلەپ ماقۇل بولدۇم. ئۇ پەقەت مېنى يەنە داۋاملىق سۆيۈشكە ماقۇل بولسىلا، بارلىقىمنى ئۇنىڭغا بېغىشلاشنى خالاي-دىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ئەمما، مېنىڭ نېمە دېيىشىم، قانداق قىلىشىمدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ماڭا:

— مېنىڭ سىزنى يەنىلا داۋاملىق سۆيۈشۈم مۇم-كىن ئەمەس. مەندىن سىز بىلەن يەنە داۋاملىق بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلىش — بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، — دېدى.

مەن قاتتىق غەزەپكە كەلدىم ـ دە، خەنجەرنى چىقار-دىم. مەن ئەسلىدە ئۇنى قورقۇتۇپ قويسام، ئۇ مەندىن جېنىنى تىلەر دەپ ئويلىغاندىم. ئەمما، بۇ ئايال ھە-قىقەتەن بىر ئالۋاستى ئىكەن.

— ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر سوراي، — مەن

ۋارقىرىدىم، — سىز مەن بىلەن ماڭامسىز ـ ماڭمامسىز؟

— ياق، ماڭمايمەن، زادى ماڭمايمەن، — ئۇ يەرگە تېپىپ تۇرۇپ شۇنداق دەپ ۋارقىرىغاچ، مەن ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان ئۈزۈكنى قولىدىن چىقىرىپ، چاتقاللىق ئارىسىغا ئېتىۋەتتى.

مەن زادىلا تاقەت قىلالماي چىشىمنى چىشىمغا چىشلەپ، ئۇنىڭغا ئىككى خەنجەر سالدىم. بۇ خەنجەرنى مەن يەكچەشمىنىڭ قولىدىن ئېلىۋالغانىدىم. مېنىڭ خەنجىرىم يەكچەشمىنىڭ كانىيىدا سۇنۇپ قالغانىدى.

كارمېن يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ماڭا قادىلىپلا قالدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايمەن.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاستا ـ ئاستا نۇرىنى يوقاتتى، ئاخىر يۇمۇلدى.

مەن خۇددى جېنىم تېنىمدىن چىقىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ جەستى ئالدىدا داڭ قېتىپ ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالدىم.

كېيىن، كارمېننىڭ ماڭا كۆپ قېتىم ئۆلۈپ كەتسەم، جەستىمنىڭ ئورمانغا دەپنە قىلىنىشىنى خالايمەن دېگەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. شۇڭا، مەن خەنجىرىم بىلەن بىر ئورەك قېزىپ، كارمېننىڭ جەستىنى ئۇ يەرگە قويدۇم.

خېلى ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، كارمېن چاتقاللىقتا تاشلىۋەتكەن ئۈزۈكنى تېپىپ، ئۇنى كارمېننىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا قويدۇم.

مەن يەنە ئۇنىڭ قەبرىسىگە بىر كىچىك كرېست جازا قاداپ قويدۇم. ئەمما، مېنىڭ ئەسلىي ئۇنداق قىلماسلىقىم كېرەك بولغىيتى. چۈنكى، بوھېمىيىلىكلەر كاتولىك دىنىغا ئىشەنمەيتتى، مەن شۇنداق قىلىپ، كاتولىك مۇرىتلىرىنىڭ ئادىتىنى يەنە ئۇنىڭغا زورلاپ تاڭدىم.

مەن ئاتقا مىنىپ كوردوۋاغا قاراپ يول ئالدىم ۋە شەھەرگە كىرىدىغان بىرىنچى قاراۋۇللۇق پونكىتىغا كېلىپلا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم.

مەن كارمېننى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، دېدىم. ئەمما، ئۇنىڭ جەسىتىنى نەگە كۆمۈۋەتكەنلىكىمنى زادىلا ئېيتمىدىم.

ئەپەندىم، مېنىڭ كىچىك موناستىردا بىر موناخنى ئۇچراتتىم دېگىنىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ موناخ ھەقىقەتەن بىر ئەۋلىيا ئىكەن. ئۇ راستىنىلا كارمېننىڭ روھىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ بەردى، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ مىسا قىلىپ بەردى.

بوھېمىيىلىكلەر يەنە سىگانلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇلار پۈتۈن ياۋروپانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. دۇنياغا داڭلىق سەرگەردان مىللەت. ئىسپانىيە سەرگەردان مىللەتلەرنىڭ



نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى.

بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە سەرگەردانلىق بىلەن ياشايدۇ. مەسىلەن، ئاندالۇتسىيە، ئىستىرامادۇل، مۇرسىيە، كاتالونىيە قاتارلىقلار.

كاتالونىيىدىكى بوھىمىيىلىكلەر دائىم چېگرىدىن ئۆتۈپ فرانسىيە تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بازارلاردا ھەمىشە ئۇلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئادەتتە، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئات سودىسى، مال دوختۇرلۇقى بىلەن، شۇنداقلا قېچىر يايلى-قۇيرۇقىنى قىرقىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. بەزىلىرى قازان، مىس قاچا-قۇچىلارنى ياساش، رېمونت قىلىش بىلەنمۇ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، يەنە ئەتكەسچىلىك ۋە باشقا قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى پال سېلىش، تىلەمچىلىك ۋە ياكى دورا سېتىش بىلەن (مەيلى ئۇ پايدىلىق ياكى زىيانلىق دورا بولسۇن) تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

بوھىمىيىلىكلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئىنتايىن توغرا ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىش، سۈپەتلەپ بېرىش ناھايىتى تەس. ئەمما، ئۇلارنى بىر قاراپلا تونۇۋېلىش ناھايىتى ئاسان.

ئەگەر سىز ئىلگىرى بىرەر بوھېمىيىلىكنى كۆر-
گەن بولسىڭىز، نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدىن ئۇلارنى
تونۇۋالالايسىز، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە
روھىي ھالىتىدىن تونۇۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ تېرىسى قارا، يەرلىك كىشىلەرنىڭ تېرى-
سىدىن قارا كېلىدۇ، شۇڭا، بەزىلەر ئۇلارنى «كالاي نې-
گىرلىرى» دەپ ئاتايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ھەمىشە
ئۆزىنى شۇنداق نام بىلەن ئاتايدۇ.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئالىغاي، ئەمما، چوڭ، كېلىش-
كەن ھەم قارا، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، قويۇق ھەم چىرايلىق.
ئۇلارنىڭ نەزەرى، قاراشلىرى بەئەينى ياۋايى ھايۋانغا
ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرنەرسىگە قارىغاندىكى ھالىتىدە
ۋەھىمە، تەھدىت ۋە قورقۇنچ ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مانا
بۇ، بۇ مىللەت خاراكتېرىنىڭ بىر تەسۋىرىدۇر.

ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى كۆپ، قاپ يۈرەك،
ئەمما، يەنە تۇغما قورقۇنچاق كېلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ بويى ئېگىز، ئورۇق، ھەرد-
كىتى تېز، پۇت ـ قولى چاققان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن نا-
ھايىتى سېمىزلەرنى ئۇچرىتىش تەس.

گېرمانىيىدە ياشايدىغان بوھېمىيىلىكلەرنىڭ ئايال-
لىرىنىڭ كۆپىنچىسى ناھايىتى چىرايلىق كېلىدۇ.
ئەمما، ئىسپانىيىدىكى جىداناادا گۈزەللەرنى ئۇچرىتىش

ناھايىتى تەس. بولۇپمۇ، قىزلار تۇغۇپ ئانا بولغاندىن كېيىن ناھايىتى سەتلىشىپ كېتىدۇ.

ئۇلار تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ھەتتا ئادەتتە ناھايىتى مەينەت. ئەگەر بىر بوھممىيلىك ئايالنىڭ چېچىنى يىرىك، مايلىشىپ ئىنتايىن مەينەت بولۇپ كەتكەن ئات يايلى دېسەك ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

ئاندالۇتسىيىدىكى بىرقانچە چوڭ شەھەردە ناھايىتى گۈزەل بولغان بوھممىيلىك قىزلار تازىلىققا خېلى رىئايە قىلىدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى ئۇسسۇل ئويناپ پۇل تاپىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئويناۋاتقان ئۇسسۇللارنىڭ كۆپىنچىسى شادلىق بايرىمىدا ئويناش مەنئى قىلىنغان ئۇسسۇللاردۇر.

ئەنگلىيىلىك دىن تارقاتقۇچى بوررو ئەپەندى ئىسپانىيىدىكى بوھممىيلىكلەرگە دىن تارقاتقان ھەمدە ئۇلار ھەققىدە ئىككى پارچە كىتاب يازغان. ئۇ كىتابىدا، بىر بوھممىيلىك قىز بىر يات مىللەتتىن بولغان ئەرنى ھەرگىز سۆيمەيدۇ، دېيىلگەن. مېنىڭچە، بۇ بىر ئاشۇرۇۋېتىلگەن گەپ.

بوررو ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تونۇيدىغان بىر شاللاق يىگىت بوھممىيلىك بىر چىرايلىق قىزغا كۆپ پۇل خەجلەپتۇ، ئەمما، ئاخىر يەنىلا قولغا كەلتۈرەلمەپتۇ.

مەن بۇ ئىشنى بىر ئاندالۇتسىيىلىككە دەپ بەرسەم، ئۇ: ئەمەلىيەتتە ئاشۇ شاللاق يىگىت پەقەت 3 ـ 4 تەڭگە خەجلىسىلا مەقسىتىگە يېتەتتى. پۇلنى كۆپ خەجلىگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، دېدى.

ئەمما، بوھېمىيە قىزلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىگە ئىنتايىن سادىق كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرى ئۈچۈن زۇرۇر تېپىلغاندا ئاچ قېلىشقا رازى، ئوت ۋە سۇغا كىرىشكىمۇ رازى.

بىرقانچە ئاينىڭ ئالدىدا، مەن فۇرى تاغلىق رايونىدىكى بىر بوھېمىيىلىكلەر قەبىلىسىنى زىيارەت قىلدىم. بىر موماي ئۆزىنىڭ كەپىسىدە ئۆزىگە ھېچقانداق تۇغقانچىلىقى بولمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر بوھېمىيىلىك ئەرنى بېقىۋاپتۇ. بۇ ئەر ئەسلىدە بىر دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان، ناھايىتى ياخشى كۇتۇلۇۋاتقان كېسەل ئىكەن. ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىشىدىكى سەۋەب، ئۇ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىدا ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

ئۇ موماي بۇ كىشىگە خۇددى ئۆز ئوغلىدىن خەۋەر ئالغاندەكمۇ ياخشى قاراپتۇ. ئۇ ئەرنى ئاپئاق يوتقان كىرلىكلىرىنى سېلىپ، يۇمشاق كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئەمما، مومىينىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇزۇن ياغاچ

ئورۇندۇق ئۈستىدە ئۇخلايدىكەن.

بوھېمىيىلىكلەر ئادەتتە دىنغا پەرۋاسىز قاراش پو-زىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئەزەلدىن ئۆزلىرىنى دىنسىزلار دەپ كۆرسەتمىگەن. ئۇلار قايسى دۆلەتتە يا-شىسا، شۇ دۆلەت دىنى ئۇلارنىڭ دىنى بولغان.

مەدەنىيەتسىز، ياۋايى خەلقلەر ياشايدىغان دۆلەتلەردە، خۇراپاتلىق دىننىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. ئەمما، بوھې-مىيىلىكلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، خۇراپاتلىق قىلىش ئۇ-لارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشتىكى بىر ۋاستىسىدۇر.

بوھېمىيىلىك ئاياللار پال سېلىشقا ئىنتايىن ئۇستا. ئەمما، ئۇلارنىڭ تاپىدىغان ئاساسلىق پۇلى سې-ھىرگەرلىك قىلىش ۋە جىنسىي ھەۋەسنى قوزغىغۇچى دورىلارنى سېتىشتىن كېلىدۇ.

ئۆتكەن يىلى، بىر ئىسپان ئايال ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

بىر كۇنى ئۇ ئىنتايىن قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە ئاركالا كوچىسىدىن ئۆتۇپ كېتىۋاتقان ئىكەن. بۇ چاغدا، يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىر بوھېمىيىلىك ئايال ئۇنىڭغا:

— ھوي، سۆيۈملۈك خانىم، سۆيگىنىڭىز سىزدىن يۈز ئۆرۈپتۇ، سىز مېنىڭ سېھىر ئىشلىتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى سىزگە قايتۇرۇپ بېرىشىمنى خالامسىز؟—

دەپتۇ.

ئۇ بوھەمىيىلىك ئايال بۇ خانىمنىڭ دىل يارىسى-نى تېپىۋالغان بولۇپ، ئۇ ئايالنىڭ سۆزى بۇ خانىمنى ناھايىتى قىزىقتۇرۇپتۇ.

ئۇ بوھەمىيىلىك ئايال:

— سىزدە ئۇ ئەر سوۋغا قىلغان قولياغلىق، پۇر-كەنجە ياكى باش ياغلىقتەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟ — دەپتۇ.

ئىسپان ئايال بىر تاۋار باش ياغلىقنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

بوھەمىيىلىك ئايال:

— ئەمدى سىز قىزىل يىپەك يىپ بىلەن بىر كۇمۇش تەڭگىنى ياغلىقنىڭ بۇ بۇرجىكىگە قاداڭ، ماۋۇ بۇرجىكىگە 50 سىنتلىق تەڭگە قاداڭ، بۇ يەرگە 10 سىنتلىق تەڭگە قاداڭ، بۇ يەرگە بىر سىنتلىق تەڭگىدىن ئىككىنى قاداڭ، بۇلارنى قاداپ بولغاندىن كېيىن، ئوت-تۇرىغا بىر تىللا تەڭگە قاداڭ، ئەگەر ئۇ تىللا تەڭگە جۈپ بولۇپ كەتسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئىسپان ئايال ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ.

بوھەمىيىلىك ئايال يەنە:

— ھە، ئەمدى بۇ ياغلىقنى ماڭا بېرىڭ. مەن بۈگۈن ئاخشام يېرىم كېچىدە بۇ ياغلىقنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ بارىمەن، ئەگەر سىز جىن-شاياتۇنلارنىڭ ئۆز

كارامىتىنى قانداق كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈشنى خالىسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى مەن بىلەن بىللە بېرىڭ. شۇنىڭغا ھۆددە قىلىمەنكى، ئۇ سۆيگىنىڭىز ئەتە ئەتىگەندە سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئۇ خانىم قەبرىستانلىقتىن قورققاچقا، ئۇ بوھىمىيىلىك ئايال بىلەن بىللە بارماپتۇ.

ھېلىقى ياغلىق ئۇ خانىمنىڭ قولىغا ئۆز پېتى قايتىپ كېلەرمۇ؟ بۇنى ئۆزىڭىز پەرەز قىلىپ باقسىڭىز بولىدۇ.

گەرچە بوھىمىيىلىكلەر نامراتچىلىق ئىچىدە ياشايدىغان ھەم كىشىلەرنى بىزار قىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئاشۇ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلار ناھايىتى ئىناۋەتكە ئىگە. ئۇلارمۇ بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى پەخىرلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەقلىي ئىقتىدارىمىز ناھايىتى يۇقىرى دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار يات مىللەت كىشىلىرىنى ياراتمايدۇ.

فۇرى تاغلىق رايونىدا ياشايدىغان بىر بوھىمىيىلىك ئايال ماڭا:

— ئاشۇ يات مىللەتلەرنىڭ كىشىلىرى بەك كالۋا، ئۇلارنى ئالداش بەك ئاسان. بىر كۈنى بىر سەھرالىق ئايال كوچىدا مېنى چاقىردى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىر-

دىم. ئۇنىڭ مورىسىدىن ئىس يېنىۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ مېنى چاقىرىشى مېنىڭدىن ئەپسۇن ئوقۇپ، مورىسىدىن ئىس يانمايدىغان قىلىشنى تەلەپ قىلىش ئىكەن. مەن ئاۋۋال ئۇنىڭدىن بىر پارچە سېمىز گۆش ئالدىم. ئاندىن رومانى تىلىدا:

— سەن بىر كالۋا، قاپاق باش، بىر كالۋا بولۇپ تۇغۇلدۇڭ، يەنە شۇ كالۋا پېتى ئۆلىسەن... دەپ ئەپسۇن ئوقۇدۇم. شۇنداق ئوقۇغان پېتى ئىشىك ئالدىغا باردىم. ئاندىن ئۇ ئۇقىدىغان تىل بىلەن:

— مورامدىن ئىس يانمىسۇن دېسەڭ كالۋا، ئوچىقىڭغا ئوت قالىما، — دېگەن پېتى بەدەر تىكىۋەتتىم.

بوھېمىيىلىكلەرنىڭ تارىخىي مەسىلىسى ئەزەلدىن ھەل بولمىغان بىر مەسىلە.

بىرىنچى تۈركۈمدىكى بوھېمىيىلىكلەر ياۋروپانىڭ شەرقىدە تەخمىنەن 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان. ئەمما، كىشىلەر ئۇلارنىڭ زادى نەدىن كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ نېمىشقا ياۋروپاغا كەلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېخىمۇ غەلىتە يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى بىر ـ بىرىدىن ناھايىتى يىراقتا ياشايدۇ.

ئۇلار شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نېمە ئۈچۈن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى؟

بۇ تاكى ھازىرغىچە يېشىلمەي كەلگەن بىر سىر. ھەتتا بوھېمىيىلىكلەر ئۆزىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مىسىرنى ئۆزلىرىنىڭ يۇرتى دەپ قارىسىمۇ، ئەمما، ئۇ ئېھتىمال پەقەت ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر رىۋايەتلا بولسا كېرەك.

بوھېمىيە تىلىنى تەتقىق قىلغان شەرقشۇناسلارنىڭ كۆپچىلىكى بوھېمىيىلىكلەر ھىندىستاندىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ.

ھازىر بوھېمىيىلىكلەردە قانچە قەبىلە بولسا، ئۇلار شۇنچە خىل شېۋىدە سۆزلىشىدۇ. ئۇلار قەيەردە ياشىغان بولمىسۇن، شۇ يەرنىڭ تىلىنى ئۆز تىلىدىنمۇ راۋان سۆزلەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزئارا سۆزلىشىشكە قولايلىق بولغان ۋە يات مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغاندىلا، ئۆز تىلىدا سۆزلىشىدۇ.

گېرمانىيىدىكى بوھېمىيىلىكلەر بىلەن ئىسپانىيىدىكى بوھېمىيىلىكلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقە قىلمىغىنىغا بىرقانچە يۈز يىل بولدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ شېۋىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغانلا بولساق، ئۇلارنىڭ تىلىدا يەنىلا ئورتاق قوللىنىلىدىغان نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«كارمېن» 1845 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، مېرىمې-ـنىڭ ئەڭ داڭلىق پوۋېستى. پوۋېستقا ئەسەردىكى باش قەھرىماننىڭ ئىسمى نام قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇ-نىڭدا ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مۇھەببەت تراگېدىيىسى بايان قىلىنغان ھەمدە فرانسىيە ئەدەبىياتىدىكى پېرسوناژلار ئىچىدە ئالاھىدى-لىكى ئىنتايىن گەۋدىلىك، ئۆزگىچە بولغان ئايال باش قەھرىمان ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ ئىسىم مەيدانغا كەل-گەن كۈندىن باشلاپلا ياۋايى مۇھەببەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ، پوۋېست بىلەن بىللە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالدى.

باشقا نۇرغۇن رومانتىك يازغۇچىلارغا ئوخشاش مې-رىمېمۇ باشقا ئەللەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە كىشىلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئىپادىلەشكە قىزىقاتتى. «كارمېن» نىڭ ۋەقەلىكى يازغۇچىنىڭ ۋەتىنى فرانسى-يىدە ئەمەس، بەلكى، قىزغىنلىق ۋە مەردانىلىق بىلەن مەشھۇر بولغان ئىسپانىيىدە بولغان. بۇ يەردە ئاڭلىسا كىشىنى شۈركۈندۈرىدىغان قاراقچىلار توغرىسىدىكى

رىۋايەتلەر، كەچتە ئۆستەڭدە قىپيالىڭاچ يېتى سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان ھاياسىز ئاياللار، بولۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر ئاستىدا قالغان جەڭگاھ ئىزلىرى، قان ھىدىغا تولغان قورقۇنچلۇق كالا سوقۇشتۇرۇش، ئېگىز-پەس، قاتمۇقات تاغلار، بولۇق ئوتلاقلار، سۈزۈك، خىلۋەت ئېقىنلار بار. ئەسەر باش قەھرىمانى ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ مۇھەببەت ھېكايىسى مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا مەيدانغا چىقىدۇ.

ئەسەر باش قەھرىمانى كارمېن ئادەتتىكى يازغۇچىلار قەلىمى ئاستىدىكى ئۇنداق گۈزەل ۋە ئەخلاقلىق قىز ياكى مەرتىۋىلىك ئائىلىنىڭ قىزى ئەمەس، بەلكى بىر رەزىل شەخس، ئۇنىڭ كەسپى جىنايەت ئۆتكۈزۈش، جەمئىيەتتە پۇلى بارلىكى ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ ئوغ-رىلىق قىلىش، بۇلاش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ كارغا كېلىدىغان ھۈنىرى پالچىلىق-رەم-ماللىق ۋە ئۆز ھۆسن-جامالىغا تايىنىپ ئالدامچىلىق قىلىش. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق ئەخلاق پرىنسىپلىرى مەۋجۇت ئەمەس، ئۇنىڭ بىردىنبىر پرىنسىپى — مەن-پەئەت ۋە نەپ. ئۇنىڭ رەزىل ھاياتى ئۇنى ئادەتتىكى ئا-دەملەردە بولمايدىغان نۇرغۇن رەزىل ئالاھىدىلىكلەر، يەنى قۇۋلۇق-شۇملۇق، ئالدامچىلىق، مەلۇم دەرىجىدىكى رە-ھىمسىزلىك، يۈزسىزلىك ۋە نومۇسسىزلىقلارغا ئىگە

قىلغان، ھەتتا ئۇنىڭغا مەستانە بولۇپ كەتكەن دون خوسېمۇ ئۇنى «ئالۋاستى» دەيدۇ. ئۇ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ «ئالۋاستى» ئىكەنلىكىنى، دون خوسېنى دارغا ئاستۇرۇ-ۋېتەلەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ پەۋقۇلئاددە بىر ئىرق — بوھېمىيىلىكلەرگە مەنسۇپ. ئۇ پۈتۈنلەي ئۆز ئىرقىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەن. ئېيتى-لىشىچە، سىگانلارنىڭ ئەۋلادى مىسىر ياكى ھىندىس-تاندىن كەلگەن ئىكەن، ياۋروپالىقلارنىڭ زېمىنىدا ئۇلار ئۆزىنى قويغۇدەك بىر جاي تاپالمىغان، ئاق تەنلىكلەر-نىڭ جەننىتىدىمۇ ئۇلارغا ئورۇن تەگمىگەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ رىئايە قىلىدىغىنى ئۆزلىرىنىڭ بىر يۈرۈش قائىدە-تەرتىپلىرى، ئادەتلىرى بولۇپ، ئۇلار ئاق تەن-لىكلەرنىڭ ئەخلاق، دىن، قانۇنلىرىغا زادىلا قىزىقمايدى-تى. ئۇلار ھەر يەرلەردە سەرگەردان بولۇپ، پالچىلىق، رەممااللىق، سېھىرگەرلىك، ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، مەدىكارلىق ۋە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناش بىلەن جان باقاتتى. ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىنتايىن كۈچ-لۈك، ناھايىتى ياۋايى ئىدى. خۇددى پوۋېستتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماقالىدا دېيىلگەندەك: «بوھېمىيىلىكلەر بۆرە كۆز كېلىدۇ»، ئۇلار تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركىنلىكنى قىزغىن سۆيىدۇ، «بوھېمىيىلىكلەر ئۈچۈن ئەركىنلىك دېمەك — ھەممە دېمەكتۇر، ئۇلار قاماقتا بىر كۈن ئاز

يىتىش ئۈچۈن ھەتتا بىر شەھەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلا-
شقىمۇ رازى». بوھېمىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى ئاجايىپ
رومانتىك ۋە سىرلىق تۈس بىلەن تولغان، ئۇلار ئەپسۇن
ئوقۇش ۋە سېھىرگەرلىك - جادۇگەرلىك قاتارلىق غەيرىي
تەبىئىي نەرسىلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەپتۇن بولۇپ
كەتكەن، ئۇلار ئىنسانىيەت ئورتاق رىئايە قىلىدىغان قا-
نۇن - قائىدىلەر ۋە جەمئىيەت مىزانلىرىغا پەرۋا قىلماي-
دۇ. ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن جۇشقۇن - مەردانە،
ھېسسىياتى ئىنتايىن كۈچلۈك، قاراشلىرى ئىنتايىن
بىر تەرەپلىمە ۋە ئىپتىدائىي.

شۇڭا، كارمېن يەنە نوقۇل بىر رەزىل شەخسلا ئە-
مەس. ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكى شۇ يەردىكى،
گەرچە ئۇنىڭ بەزى «رەزىل» ئالاھىدىلىكلىرى بولسىمۇ،
لېكىن مېرىمې ئۇنى بىر «رەزىل گۈل» قىلىپ ئىپا-
دىلەشكە تىرىشىپ، ئۇنىڭغا بەزى ئارتۇقچىلىقلارنى ئاتا
قىلىپ، ئۇنى ئەتراپىدىكى شەخسلەر ۋە مۇھىت بىلەن
روشەن پەرققە ئىگە قىلغان. ئۇ كاپىتالىزم مەدەنىيىتىنىڭ
ئاسىيسى، ئۇ ئاشكارا ھالدا، مەن ئەزەلدىن «بۇ مەخسۇسلا
سېسىق ئاپپىلسىن ساتىدىغان سودىگەرلەر دۆلىتى» گە تەۋە
ئەمەس دەپ جاكارلايدۇ. ئۇ ئاڭلىق ھالدا جەمئىيەتنىڭ
قارشى تەرىپىدە تۇرىدۇ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قائى-
دە - تەرتىپلىرى ۋە قانۇن - ئىنتىزاملىرىنى ئوچۇق -

ئاشكارا مەنسىتمەيدۇ ھەمدە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ، يەنە ھەمىشە بۇ قائىدە ـ تەرتىپلەرنىڭ رامكىسىدىن چىقالمايدىغان چاكىنىلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ، دون خوسى يەنىلا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىتائەتمەن پۇقراسى بولۇۋاتقان چاغدا، كارمېن ئۇنى «ئالتۇن پەيلىك قۇش» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ياشنىڭ قائىدە ـ يوسۇندىن چىقالمايدىغان ھالىتىنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ: «ئەگەر سىز بىر زەڭگى قۇل بولغان بولسىڭىز، باشقىلارنىڭ قولىغا كالتەك ئېلىپ سىزنى خالىغانچە ھەيدەپ يۈرۈشىگە رازى بولۇپ يۈرۈۋېرەمتىڭىز؟» دەيدۇ. كارمېن جەمئىيەتنىڭ ئاسىيسى بولۇپ، «رەزىل» ئۇسۇللار بىلەن بۇ جەمئىيەتنى مەنسىتمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە مۇستەقىل، يوگەنسىز خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ھەرقانداق بىر چەكلىمىگە ئۇچراشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىك — ئەركىنلىكنى قىزغىن سۆيۈش ۋە ئۆزىگە سادىق بولۇش — ئۇنىڭ قارىشىچە، «ئەركىنلىك ھەممىدىن مۇھىم»، ھەتتا ئۆلۈم تەھدىتى ئالدىدىمۇ، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشتىن ھەرگىز ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. پۈتكۈل ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە بولسىمۇ ئۆز ئەركىنلىكىنى قوغداش ۋە ئۆزىنىڭ پرىنسىپىغا سادىق

بولۇش كېرەك. بۇ خاراكتېر كارمېندىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك، كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان بەلگىسى بولۇپ قالغان. ئاپتور بۇ «رەزىل گۈل»گە شەخس ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان چەكسىز ئىرادىنى ئاتا قىلغان. پوۋېستتا كارمېن بىلەن دون خوسىنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان مۇھەببەت تراگېدىيىسى مەركەزلىك ھالدا تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، كارمېن پەقەت ئۆزىنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىك ۋە ئۆزىگە سادىق بولۇشتىن ئىبارەت بىردىنبىر تۇرمۇش مىزانىغىلا رىئايە قىلىدۇ. ئۇ مۇھەببەتتە ھېچقانداق چەكلىمىنىڭ بولۇشىنى خالىمايدۇ، ھېچقانداق شەرتنىڭ بولۇشىنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇ قايتا ـ قايتا ھالدا، ئۆزىنىڭ سىگانلار ئادىتى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئۇ: «مېنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىم — ئەركىنلىك، نېمىنى قىلىشنى خالىسام شۇنى قىلىمەن» دەيدۇ. كارمېن كىمنى ياخشى كۆرسە شۇنى سۆيىدۇ، ئۇنى سۆيگەندە خۇددى بىر پارچە يالقۇندەك بولىدۇ، ھەممە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا رازى بولىدۇ، مۇھەببەت ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئاخىرلاشقان ھامان، ھەرقانداق نەسىھەت ۋە تەھدىتلەر ئۇنىڭ نىيىتىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ھەتتا

ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئۇ زادىلا يول قويمايدۇ: «سىز مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىڭىز، بۇ تەقدىر. ئەمما، سىز مېنى مەڭگۈ باش ئەگدۈرەلمەيسىز.» «كارمېن مەڭگۈ ئەركىن، ئۇ ھاياتلىقىدا بىر سىگان بولۇپ ياشىسا، ئۆلگەندىمۇ يەنە بىر سىگان سۈپىتىدە ئۆلىدۇ.»

مېرىمې بۇ ئەركىن، جەسۇر سىگان ئوبرازى بىلەن ساختا، زەئىپ مەدەنىي جەمئىيەتنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرىدۇ، كارمېننىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تۇرمۇش پوزىتسىيىسى بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ قانۇنىنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتى ئۇچۇن باتۇرلارچە ئۆلۈشىنى مەدەنىي جەمئىيەتتىن ئۈستۈن قويىدۇ، بۇ «رەزىل» روھنى ئاشۇ ئاددىي ئادەملەر ئالدىدا نۇر چاچقۇزىدۇ، بۇ دەل مېرىمېنىڭ بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتىگە بولغان تەنقىدى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا، مېرىمې ئۆز غايىسىنى بىر سەرگەردان، مەدەنىيەتسىز ئايالغا بېغىشلىغانىدى، بۇ دەل ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى چەكلىمىلىكنى، ئۇنىڭ يېقىنقى زامان بۇرژۇئا جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتلەر ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ كەمچىل ۋە ئالدىن كۆرەرلىكىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مېرىمېنىڭ كارمېننىڭ كونا جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدىن ھالقىپ كېتىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ئۆزىنىڭ سىنىپىي تەۋەلىكىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئەمما، كارمېن پۈتۈنلەي مېرىمې بۇرژۇئازىيىنىڭ شەخسىي ئەركىنلىك پرىنسىپى بويىچە ياراتقان ئوبراز. «مەن نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىمەن» دىن ئىبارەت «شەخس ھەممىدىن ئەلا» پرىنسىپى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆزىنىڭ رەزىل ھەرىكەتلىرىنى يېپىش ۋە ئۆزىنى جاۋابكارلىقتىن قاچۇرۇشتىكى ئاساسىدۇر. دەل مۇشۇ جەھەتتە، مېرىمې بۇرژۇئازىيىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى ئىدىيە سىستېمىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن ھەم ھالقىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن پوۋېست بولغان «كارمېن» يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭدا «رومانتىزملىق ـ ئەگرى ـ توقايلىق ـ جەم بولۇش» تىن ئىبارەت ئەنئەنە بولۇپ كەتكەن مۇھەببەت ھېكايىلىرىنىڭ ئەندىزىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق مۇھەببەت جەريانى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، كەسكىن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، شۇنداقلا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز جانلىرىدىن كېچىشى ئارقىلىق بىر خىل كۈچلۈك

مەردىمەردانىلىك، ئوتتەك مۇھەببەت قىزغىنلىقى ئاشكارا هالدا مەدھىيىلەنگەن. ئەزەلدىن سوغۇق قان بولغان مېرىمېنىڭ نەزەرىدە، ساقلانغىلى بولمايدىغان خام خىيالالار، ئاڭسىز هالدىكى ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداش، تاسادىپىي قوزغالغان قىزغىنلىق بەزى هالالاردا ئىنسان هاياتىدا كونترول قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئاجايىپ بىر خىل كۈچ ـ قۇدرەت سۈپىتىدە ھەتتا تراگېدىيىگە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. بۇ پوۋېستتىمۇ ئەھۋال دەل ئەنە شۇنداق، يەنى كارمېن بىلەن دون خوسىنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشكىنىدىن تاكى ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئاقىۋىتىگە قەدەر بولغان پۈتكۈل جەرياندا بىر كۆرۈنمەس يىپ ئۇلارنى تراگېدىيىگە تارتىپ كېتىۋاتقاندەكلا بىلىنىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپتور بۇ مۇھەببەت ھېكايىسىنى خېلى چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ، ئەر ـ ئايال باش قەھرىمان ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت توقۇنۇشى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمايدىغان قاتلىمىغا مەنسۇپ بولغان شەخسلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەر باش قەھرىمان دون خوسى بىلەن كارمېن ئوخشاش بىر دۇنياغا مەنسۇپ ئەمەس، ئۇ كارمېننىڭ تەبىقىسىگە پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى بولغان تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ ئىدىيىسى

ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىگە ئۆز سىنىپىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. گەرچە، شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئائىلىسى سۇنغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۇ گەرچە دىنىي جەمئىيەت يولى بىلەن يۇقىرىغا يامىشىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باشباشتاقلىقى، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كېتىشى ئۆز ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلغانىدى. ئۇ كارمېن بىلەن بىللە قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كۆن كەچۈرۈشنى خالىماي، ئۆزىنىڭ بىر «بۇزۇق ئادەم»گە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالماي، «يېڭىدىن ئادەم بولۇش» كويىدا بولىدۇ. شۇڭا، كارمېن ۋە دون خوسى ئارىسىدا باشتىن ـ ئاخىر ئىككى خىل تۇرمۇش غايىسى، ئىككى خىل تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ۋە ئىككى خىل ھەق تەلەپ ئۆلچىمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەۋجۇت بولىدۇ. كارمېن ئۆزى بىلەن دون خوسى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر زىددىيەتنى بۇرۇنلا كۆرۈپ يەتكەن، ئىككىيلەننىڭلا ئۆز پرىنسىپى ۋە قارىشىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن، شۇڭا، ئۆزلىرىنىڭ بىرلىكتە ھالاك بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا سەزگەن، چۈشەنگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ پاجىئەلىك تراگېدىيىسى دەل مۇشۇ ئىككى خىل قاراش، ئىككى خىل تۇرمۇش

پوزىتسىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن توقۇنۇشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

كارمېن بىلەن دون خوسى تراگېدىيىسىگە خاراك-تېر تراگېدىيىسىنىڭ كۆلەڭگىسى قىستۇرۇلغان. مې-رىمې ئىنتايىن ئىخچام تەسۋىرلەر ئارقىلىق كارمېن بىلەن دون خوسىنىڭ خاراكتېرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا سۈرەتلەپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئوخ-شاش تەرەپلەر ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىدىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغان، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەر ئىككىسىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى تۇرمۇشىدىكى زىددىيەتلەر، تالاش - تارتىش-لار، بىر - بىرىگە زىيانكەشلىك قىلىش، ھەتتا پاجىئە كېلىپ چىقىش جەريانىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. براندېس: «تراگېدىيىدە تەقدىر ئامىللىرى خۇددى زەھەر قانغا ئارىلىشىپ كەتكەندەك خاراكتېرگە چوڭقۇر سى-ڭىپ كەتكەن، خاراكتېر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن بو-لىدۇ» دېگەن. كارمېن ۋە دون خوسى ھەر ئىككىسىلا خاراكتېرى ئىنتايىن روشەن كىشىلەر. ھەر ئىككىلى-سىلا قەتئىي ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان كىشى-لەر. شۇڭا، ئۇلار ئاڭسىز ھالدا ئۆزلىرىگە خاس تەلۋى-لەرچە قىزغىنلىقىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن. كارمېن-نىڭ گۈزەل ياشلىقى، كېلىشكەن جامالى، ئوتتەك

قىزغىنلىقى، رومانتىك ياۋايى خاراكتېرى، سېھىرىي جەلپكارلىقى دون خوسىنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلىشقا تامامەن يېتەرلىك ئىدى. ئۇزۇن مۇددەت قائىدە ـ ئادەتلەر ئىسكەنجىسىدە تۇرغان دون خوسى كارمېن بىلەن ئۇچ-رىشىپلا تۇنجى قېتىم بۇ ئەركىمەرۇپلار سىرتىدىكى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايغان خۇشاللىق ۋە ئەر-كىنلىكنى ھېس قىلىدۇ. كارمېن ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشى بۇ ياش ئەسكەرگە ئاستا ـ ئاستا تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆزىگە تەلپۈندۈرىدۇ، مەپتۇن قىلىۋالىدۇ، دون خوسىنىڭ ئارزۇسى كارمېن بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتۈش ئىدى. ئەمما، كارمېنىنىڭ نىيىتى مۇنداق ئەمەس ئىدى، تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركىن بولغان بوھېمىيىلىكلەر-نىڭ مۇھەببەتكە بولغان پوزىتسىيىسى بەكلا خالىغانچە ئىدى، سەمىمىيلىك، سادىقلىق قارىشى خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ قارىشى بولۇپ، كارمېنىنىڭ ھايات قارى-شى بولسا خالىغىنىنى قىلىشلا ئىدى. دون خوسى كارمېننى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ھەمدە مەستانىلىك، تەلۋىلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ، ئەمما، ئۇ كارمېننى قانچە قاتتىق ياخشى كۆرگەنسېرى كارمېن ئۆزىنىڭ شۇنچە چۈشىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. كارمېن ھەتتا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈش ئارقىلىق بۇ بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن

قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. دون خوسىنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە يو-شۇرۇن ياۋايىلىق بار ئىدى، بۇ ئۇنىڭ كارمېنغا مەپتۇن بولۇپ قېلىشى، ئۇنى قاتتىق سۆيۈشى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىراقلا تۈگەشكە رازى بولۇشىدىكى سەۋەب. ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ئەركى، ئىرادىسىنى قوغداش ئۈچۈن ھاياتىدىن كېچىشتىنمۇ ئايانمايدىغان كىشىلەر ھەمىشە كىشىلەر قەلبىدە ئۇنتۇلماس تەسىر-لەرنى قالدۇرىدۇ. كارمېن ۋە دون خوسىنىڭ پاجىئەسى-نىڭ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سېلىشى، كىشىلەرنى خورسىندۇرۇشىدىكى سېھىر ئەنە شۇ.

كارمېن بىلەن دون خوسىنىڭ تراگېدىيىسى يەنە ئىككى خىل ئوخشىمىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆسكەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنيا جەھەتتىكى توقۇنۇشىدىن كېلىپ چىققان پاجىئەلىك ئاقىۋەتتۇر. كىشىلەر تەرد-پىدىن «ئالۋاستىنىڭ مۇرتلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان سىگانلار ھازىرقى مەۋجۇت ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزاد-لىرىنى تۈپ جەھەتتىن مەنسىتمەيدۇ. ئۇلارمۇ گەرچە تەقدىرگە، ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىغا ئىشەنسىمۇ، ئەمما، ئۇ-لار بۇ تەقدىرنى سېھىرگەرلىك ئارقىلىق بىلگىلى بو-لىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش ئۇلارنى بۇ دۇنياغا ئى-شىنىدىغان، ئۇ دۇنياغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان قىلىپ

قويغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خرىستىئانلار ئىنتىزار بولىدىغان روھنى قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار ئۆز ھاياتىدىكى تەبىئىي قىزغىنلىق، تەلۋىلىككىلا بويسۇنىدۇ، مەدەنىي دۇنيانىڭ ئارتۇقچە قائىدە-يوسۇنلىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ، بۇ قائىدە-يوسۇنلار پەقەت يات مىللەتلەرنىڭ ھاياتلىق ئەركىنلىكىنى بوغۇشى دەپ قارايدۇ، غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئەخلاق، ئېتىكا ئېڭى ئۇلار نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خرىستىئان دىنىي ئەقىدىلىرى بىلەن بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. ھالبۇكى، ئوخشىمىغان دىنىي ھېسسىيات، ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي ئەخلاق ئېڭى كارمېن بىلەن دون خوسىنىڭ تراگېدىيىسىنى پەيدا قىلغان بىۋاسىتە سەۋەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دون خوسى كارمېننى بەك ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما، كارمېننىڭ ئۆز بېشىمچىلىق ۋە تەلۋىلىكىگە زادىلا سەۋر-تاقەت قىلالمايدۇ. تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دون خوسى كارمېن ۋەكىللىك قىلىۋاتقان سىگان روھىنى زادىلا ياقتۇرمايدۇ، ئۇ باشتىن-ئاخىر كارمېننىڭ ئۆز ئارزۇسىدىكى ئادەم بولۇپ قېلىشىنى ۋە بۇ جەمئىيەتنىڭ نورمال-قائىدە تەرتىپلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشىنى خام خىيال قىلىدۇ. ئەمما،

كارمېننىڭ ئۇلار ئارىسىدىكى پەرققە بولغان تونۇشى
باشتىن - ئاخىر خېلىلا ئېنىق ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇنجى
ئۇچرىشىشىدىلا كارمېن دون خوسېغا مۇنداق دېگەنىدى:
— بىلەمسىز، ئۇكام! سىزنى ئازراق ياخشى كۆرۈپ
قالغاندەك تۇرىمەن. ئەمما، بۇ ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ. چۈن-
كى، بۆرە بىلەن ئىت ئۇنچىۋالا ئۇزۇنغىچە تىنچ ھالدا
بىللە تۇرالمايدۇ، ئېھتىمال، سىز سىگانلارنىڭ قائىدە -
تەرتىپلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن، مەن
سىزنىڭ سۆيگىنىڭىز بولۇشنى خالىغاندىمەن. ئەمما، بۇ
يالغان سۆز، چۈنكى، بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى زادىلا
مۇمكىن ئەمەس.
ئۇلارنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسىنىڭ ئاخىرقى نە-
تىجىسى چىقاي دېگەندە، كارمېن يەنىلا دون خوسې «تې-
گى - تەكتىدىن بىر يات مىللەت» بوھېمىيىلىكلەرنىڭ
تەقدىرى دەل يات مىللەتلەرنىڭ پېيىگە چۈشۈش، دەپ
قارايدۇ.
ئۇ ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپىدىن ئېلىپ
قېچىشنىمۇ خالىمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ
ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر ئىدى. كارمېن
دون خوسېنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ياۋايىلىقنى قوز-
غىتالىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ سىنىپىي تەۋەلىكى-
نى زادىلا ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئىككىيلەننىڭ بىر -

بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىشى ناھايىتى تەس ئىدى.

ئىنتايىن كۆچلۈك نەپرەت ئىچىدە ئەقلىنى يوقىتىپ كارمېننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن دون خوسى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ تەسىرى بىلەن كارمېننىڭ قەبرىسىگە خىرىستىئان دىنىنىڭ سىمۋولى بولغان كرېستنى قاداپ قويىدۇ. بۇ پوۋېستتىكى قارىماققا ئىنتايىن ئاددىيتتىكىچە، ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ئاجايىپ بولغان بىر قىسىتۇرما بولۇپ، ئۇ بۇ ئىككى خىل خاراكتېر، ئىككى خىل ئىرادىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېلىشىشى جەريانىدا دون خوسى ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان جەمئىيەت ئېڭىنىڭ ئاخىر غەلىبە قىلغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا كەتكەن بەدەل ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. دون خوسى ھېسسىيات جەھەتتىن تارتىپ روھىي جەھەتكىچە ئىنتايىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى ئۆز ـ ئۆزىدىن بىزار بولغانلىقى سەۋەبىدىن مەنىسىز ھاياتقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمما، كارمېن دون خوسىغا ئوخشىمىغان ھالدا تاكى ئۆلگۈچە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىرادىسى ۋە ئەركىنلىكىنى ساقلاپ قالىدۇ.

مېرىمېنىڭ كۆپلىگەن ھېكايە ـ پوۋېستلىرىغا ئوخشاش «كارمېن» دىمۇ ئاجايىپ غەلىتە، رەھىمسىز مۇھەببەت ھېكايىسى بايان قىلىنىپ، ئۇ باش قەھرىمانىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشقان.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

رېئالىزم بىر ئەدەبىي ئېقىم بولۇش سۈپىتىدە رو-مانتىزمدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن، شۇنداقلا ئۇ رو-مانتىزمغا قارشى مەيداندا تۇرۇپ تارىخ سەھنىسىگە چىققان. ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ئىستىخىيىلىك ھالدىن ئاڭلىق ھالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشتەك جەريانىنى باش-تىن كەچۈرگەن.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ياۋروپادىكى نۇرغۇن رېئالىستىك يازغۇچىلار تېخى رومانتىزمدىن چەك ـ چېگرىنى ئايرىمىغانىدى. ئۇلار رومانتىك يازغۇ-چىلار بىلەن بىللە يېڭى كلاسسىزمنىڭ ئەمرىمەرۇپلە-رىغا قارشى تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجادىيەت جە-ھەتتىمۇ يەنە رومانتىك ئەدەبىياتتا قوللىنىپ كېلىۋات-قان بەزى تېما ۋە مېتودلارنى قوللىنىپ كېلىۋاتاتتى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ رېئالىستىك ئەدەبىياتىدا باشلامچى بولغان بەزى يازغۇچىلار (مېرىمې، بالزاك، پۇشكىن) قاتارلىقلار دەسلەپكى ئىجادىيىتىدىكى رومانتىزمدىن رېئالىزمغا ئۆتكەنىدى. بولۇپمۇ 19 ـ ئەسىردە تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ بۆشۈكى بولغان فرانسىيىنىڭ رېئالىستىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رومانتىك تۈس

ئالغانىدى.

مېرىمې ياشىغان ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان دەۋر دەل فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەم تىكلىگەن دەۋرلەر ئىدى. مېرىمېنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تىپىك ئەركىن بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر سىياسىدىن يىراق تۇرۇپ كەلگەن، ئەزەلدىن كەسكىن كۈرەشلەرگە ئارىلاشماي، سوغۇق قان چەتتە تۇرغۇچىلارغا خاس پوزىتسىيە بىلەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەچچە ئون يىلىدىكى كۆپ ئۆزگىرىۋاتقان تارىخىي تەرەققىيات ۋە ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىشىنى كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى. مۇنداق ئانچە يېقىنلىشىپمۇ كەتمەيدىغان، يىراقلىشىپمۇ كەتمەيدىغان جاھاندارچىلىق پوزىتسىيىسى مېرىمېغىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن، بۇلار ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى ۋە ئىجادىيىتىدىن ئانچە ـ مۇنچە غىل ـ پال ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئالغان تەربىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىدىيىسى مەرىپەتچىلەر ئېقىمىدىن لىبېرالىزمچىلار ئېقىمىغا ئۆتۈش ئەنئەنىسىگە مەنسۇپ. بۇ ئۇنىڭ ئەمدىلا ئەدەبىيات سېپىگە قەدەم باسقان ۋاقتىدىلا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان رومانتىزملىق ھەرىكەتنىڭ تەسىرىنى

قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

1822 ـ يىلى مېرىمې ستېندال بىلەن تونۇشتى، بۇنىڭ ئۇنىڭ كېيىنكى هاياتىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. ستېندال فرانسىيە رېئالىزمىنىڭ ئىجادچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سەنئەت نۇقتىئىنەزەرى مېرىمېنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. 1829 ـ يىلىدىن 1830 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مېرىمې بىرنەچچە ھېكايە ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى ئاجايىپ تالانتىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ «ماتېئو فالكىنى» (1829)، «قورغانغا ھۇجۇم قىلىش» (1829) قاتارلىق بىرقانچە ھېكايىسىنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، ۋەقەلىكلىرى بىر ـ بىرىگە باغلانغان، رېئالىستىك ئۇسلۇبقا، شۇنداقلا يەرلىك پۇراق ۋە رومانتىك تۈسكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كاپىتالىزم مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلىدىغان تېمىلار پەيدىنپەي يوسۇندا ۋاقتى ئۆتكەن فېئوداللار سىنىپىغا بولغان تەنقىدىنىڭ ئورنىنى ئالغان، كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنى تونۇش تېخىمۇ كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 40 ـ يىللىرىنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا، مېرىمې ئىسپانىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە، گرېتسىيە، تۈركىيە

قاتارلىق ئەللەرگە باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ پوۋېستت ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. «قوش خاتا چۈشىنىش» (1833) ناملىق پوۋېستتا بىر ئېسىلزادە خانىمنىڭ تويدىن كېيىنكى كۆڭۈلسىزلىكلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، پسىخىك تەسۋىرلەر ئىنتايىن ئىنچىكە يېزىلغان. «گېرونبا» (1840) مېرىمېنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا تىرىلىش مەزگىلىدە كورسېكادىكى بىر جەمەتنىڭ قىساس ئېلىش ۋەقەسى تەسۋىرلەنگەن. گېرونبا ھەر خىل ئامىللار بىلەن، ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە نۇرغۇن يىللار بولغان ئاكىسىدا قىساسخورلۇق نىيىتىنى قوزغاپ، ئاخىر دادىسىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ. پوۋېستتا قەيسەر، زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان، ئەمما نازاكەتلىك، تەدبىرگە باي بىر ئايالنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. «كارمېن» (1845) تېخىمۇ كىشىگە لەززەت بېغىشلايدىغان ئېسىل ئەسەر. مېرىمېنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى بۇ پوۋېستلاردا ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى راۋان، تەبىئىي، ئوچۇق، گۈزەل، ۋەقەلىكى ئەگرى ـ توقاي، شۇنداقلا ئەقلىغا مۇۋاپىق، يەرلىك پۇراق ۋە چەت ئەل پۇرىقىغا باي، پېرسوناژلار خاراكتېرى روشەن، گەۋدىلىك، ئاجايىپ ـ غارايىپ تۈسكە ئىگە.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

كارمېن ـــ پوۋېستتىكى باش قەھرىمان، سىگان قىزى. ئۇ ياش، ئىنتايىن جىلۋىگەر، ياۋايى تەبىئەتلىك، كاج ـ جاھىل، شاللاق، ئەمما سەمىمىي، ئوچۇق ـ يورۇق، مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئېنىق، دادىل، كەسكىن، يۈرەكلىك قىز. ئۇ ئىنتايىن كۈچلۈك قىزغىنلىققا ئىگە بولۇپ، مۇھەببەتتە گوياكى ئوت، نەپرەتتە گوياكى ۋولقان. ئۇ بەئەينى بىر يۈگەنسىز ئات، خاراكتېرى ئىنتايىن قەتئىي، ئەركىنلىك ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئالىي پرىنسىپى، ئۇ ئۆلۈشكە رازىكى، ئەمما ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولۇشنى خالىمايدۇ. ئۇ ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە، ئۇ ئاشكارا ھالدا جەمئىيەت ئەخلاقى ۋە قانۇنىنىڭ قارشىسىدا تۇرغۇچى مەدەنىيەتسىز بىر پۇقرا. ئۇ ھەمىشە ئۆرپ ـ ئادەتنى بۇزۇپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى، قەيسەر، جىگەرلىكلىكى بىلەن نۇرغۇن ئەرلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى ياۋايى مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ.

دون خوسى ـــ كارمېننىڭ ئاشىنىسى ۋە كېيىنكى ئېرى. ئۇ ئەسلىدە ئىسپانىيىدىكى ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ئۆلكىدىكى باي ئاقسۆڭەكنىڭ ئوغلى بولۇپ، باشقىلار

بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنى يارىلاندۇرۇپ قويغاچقا، يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئەسكەر بولغان. ئۇ قوشۇن تۇرۇشلۇق جايدا نازۇكەرەشمىلىك، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كارمېن بىلەن تونۇشۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مەستانە بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنى زادىلا تارتىۋالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان، ئەتكەسچىلىك قىلىدىغان قاراقچىلار باشلىقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار گەرچە بىر مەزگىل ئىنتايىن خەتەرلىك، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، شېرىن كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما، دون خوسى مۇنداق قانۇنسىز تۇرمۇش ۋە كارمېننىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىدىن بىزار بولىدۇ، كارمېن ئۇنىڭ بىلەن يېڭى قۇرۇقلۇققا بېرىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە زادىلا ئۇنىمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن كارمېننى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ.

«مەن» — ھېكايىنى بايان قىلغۇچىنىڭ بىرى، فرانسىيىلىك سەيياھ، ئارخېئولوگىيە ئالىمى ۋە تارىخنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاق كۆڭۈل، ھېسداشلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك، بىرنەرسىگە ئىنتايىن قىزىقىدىغان ئادەم. ھېكايە ئۇنىڭ دون خوسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى سۆھبەتنى چۆرىدىگەن ھالدا راۋاجلىنىدۇ.

گارسىيە — كارمېننىڭ ئىلگىرىكى ئېرى، يەك-چەشمە لەقەملىك سىگان ئەر. ۋەھشىي، رەھىمسىز قا-راقچى، قاماقتىكى جىنايەتچى، كېيىن دون خوسى تە-رىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

بەدىئىي جەھەتتە، «كارمېن» پوۋېستىدا مېرىمې ھېكايىلىرىدىكى ئاجايىپ رومانتىك تۈس گەۋدىلەندۇ-رۇلگەن:

بىرىنچى، پوۋېست قويۇق يەرلىك پۇراق ۋە چەت ئەل ياقا يۇرت پۇرىقىغا ئىگە. مېرىمېنىڭ رومانتىك تېمىلارغا بولغان قىزىقىشى ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى فران-سىيە جەمئىيىتىگە بولغان ئۈمىدسىزلىكىدىن كېلىپ چىققان. ئاپتور ئۆزىنىڭ ھېكايە ۋەقەلىكىنى بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنىڭ يامان تەسىرىگە ئازراق ئۇچرىغان جايغا ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ بۇ ئانچە مەدەنىيلەشمىگەن جايلار چاكىنا، قاراڭغۇ بۇرژۇئا مەدەنىيىتىدىن يىراق، ئۇ يەرلەردە يەنىلا مەلۇم ساددا، ساپ ئۇرۇقداشلىق سىستېمىسىدىكى مۇناسىۋەت مەۋجۇت، شۇنداقلا ئەينى چاغدىكى فرانسىيە جەمئىيىتىدىكى ساختا، شەخسىيەتچىلىك كەيپىياتىنىڭ

پوتونلەي ئەكسىچە بولغان كۈچلۈك خاراكتېر ياراتقىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. ياقا يۇرت — چەت ئەل مۇھىتى، ئىپتىدائىي ياۋايىلىق ۋە مەدەنىيلىكتىن يىراق مۇھىت مېرىمېنىڭ نەزەرىدە ئىستېتىك ئەھمىيەتكە ئەڭ باي جايلار بولۇپ قالغان. ئۇ فرانسىيىنىڭ ئالىي جەمئىيىتىنى قاتتىق مەسخىرە قىلاتتى. شۇڭا، چەت ئەل مۇھىتى، يەرلىك ئالاھىدىلىك مېرىمېنىڭ نۇرغۇن ھېكايە-پوۋېستلىرىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىك بولۇپ قالغان. «كارمېن» پوۋېستىدا يازغۇچى رومانتىك دۆلەت ئىسپانىيىدىكى سىگانلارنىڭ سىرلىق، ئاجايىپ تۇرمۇش ئادەتلىرى مۇھىتىدا كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان مۇھەببەت ھېكايىسىنى بايان قىلىپ بېرىپ، باش قەھرىماننىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆز جېنىدىنمۇ كېچىشتەك پەۋقۇلئاددە خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ دەل بۇ پوۋېستنى تاكى ھازىرغىچە بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىۋاتقان سەۋەب.

ئىككىنچى، پوۋېستتا «ئۆزگىچە گۈزەللىك، ياۋايى گۈزەللىك» تەسۋىرلەنگەن. مېرىمېنىڭ بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە بولغان نارازىلىقى ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن بىلدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىللەتلىرىنى يان تەرەپتىن قاتتىق تەنقىد قىلىپ، سۆكۈپ، مەلۇم ئىپتىدا-

ئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆچلۈك ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدىكى رېئاللىقنى ئەگىتمە ئۇسۇل ئارقىلىق ئىنكار قىلىشقا تىرىشقان. مېرىمې كارمېننىڭ مەردانىلىكى، جىگەرلىكلىكى، باتۇرلۇقى ۋە جاسارەتلىكلىكىنى، شەخس ئازادلىقىغا بولغان تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقىنى روشەن گەۋدىلەندۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى «ئۆزگىچە گۈزەللىك، ياۋايى گۈزەللىك» نى تەسۋىرلىگەن. يازغۇچى ياۋايى «گۈزەللىك» نى رېئال تۇرمۇشتىكى «سەتلىك» كە سېلىشتۇرما قىلغان. بۇ ئارقىلىق ھەم ئۆزىنىڭ رېئاللىققا بولغان نارازىلىقىنى ئەكس ئەتتۇرگەن، ھەم ئۆزىنىڭ رومانتىزملىق كۈچلۈك خاسلىققا بولغان تەلپۈنۈشى ۋە ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن. مېرىمې ياۋايىلىقنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۈستىدە ئىنتايىن زور قىزغىنلىق بىلەن ئىزدەنگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆز ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلارنى ياۋۇز خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلىگەن. ئۇ كۈچلۈكلۈك، قەيسەرلىكنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەن. ئۇ ياخشى كۆرگەن قەيسەرلىك خاراكتېرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، كىشى قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان، ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستېتىك ئارزۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەتتا كىشىلەر ئارىسىدىكى ھېسسىيات، خاراكتېر، ئىرادە توقۇنۇشلىرىدىكى رە-

ھەممىسىزلىك ۋە تاش يۈرەكلىكنى ئالاھىدە كۆچەپ تەس-ۋىرلىگەن. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ھېكايىلىرىنىڭ ئاخىرى ئۆلۈم بىلەن، يەنى ياكى تراگېدىيىلىك خاراكتېرىدىكى غەلىبىلىك ئۆلۈم ۋە ياكى رەھىمسىزلىك ئىچىدىكى ھەققىي ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشقان.

مېرىمېنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، شەيئىلەر توغرىسىدىكى تەسۋىرى، ئوبرازلارنى سۈرەتلە-شى قىسقا، ئىخچام بولسىمۇ، ئەمما، ئىنتايىن توغرا بولغان، ھەتتا ئۇنىڭ پېرسوناژلارنىڭ كىيىم - كېچەك-لىرى توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرىمۇ ئەينى چاغدىكى، ئەي-نى جايدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسىي جەھەتتىن ماس كې-لىدۇ. مېرىمې ساددا، پەردازسىز پاكىتلارنى قىزغىن سۆيەتتى، كلاسسىزم ئەدەبىياتىدىكى ھەشەمەتلىك، پۇچەك ئىللەتلەردىن قاتتىق بىزار ئىدى. ھيوگو قاتارلىق ياز-غۇچىلارنىڭ رومانتىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى-نىڭ ئەكسىچە، مېرىمې ھېكايىلىرىدە ھەمىشە بىر سوغۇق قانلىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇ، ئەسەرلىرىدە قايغۇ - ھەسرەتلىك ھېسسىيات ۋە ئورۇنسىز قىزغىنە-لىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەقسەتلىك ھالدا پۈتۈنلەي ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇ-رۇنۇپ تۇرۇپ، بۇ پېرسوناژلار ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدۇ، ئۆزى بولسا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى

توغرىسىدا زادىلا پىكىر بايان قىلمايدۇ. ھېكايە باش قەھرىمانلىرىنىڭ ھەر خىل رومانتىك ئالاھىدىلىكلىرى ئاپتورنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى جەريانىدا تەبىئىي ھالدا ئىپادىلىنىدۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjY1MzYuemlw",
"filename_decoded": "40326536.zip",
"filesize": 9312620,
"md5": "54c2d5abaee0a90fb7e10f36ed4710e6",
"header_md5": "159493623bdf1c3ec33033ef5e074b96",
"sha1": "992991dce089b39f7dbf6aea7cea35b7d706f270",
"sha256": "8a1b0a77c2515edf463dad7e986f710e0d0b9c3b4c006864c8af5f390aac855a",
"crc32": 143309570,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 9547855,
"pdg_dir_name": "\u2510\u00bf\u251c\u253c \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326536",
"pdg_main_pages_found": 184,
"pdg_main_pages_max": 184,
"total_pages": 193,
"total_pixels": 531495204,
"pdf_generation_missing_pages": false
}